# شىنجاڭ تەپتىشى

XINJIANG JIANCHA

2

1991

ئاپتونوم رايونلۇق
تەپتىش مەھكىمىسى
تەرجىمە - تەھرىر
ئىشخانىسى تۈزدى

شىنجاڭ تەپتىشى

1991 - يىل 2 - سان
ئومۇمىي 8 - سان
1991 - يىل 4 - ئاي
(قوش ئايلىق ژۇرنال)

# مۇندەرىجە

◀ قانۇنشۇناسلىق بەس مۇنازىرىلىرى ▶

1 . سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرى
...................... — ۋۇچېشىن، خەلچەم غۇپۇر تەرجىمىسى 1

◀ خىزمەت تەتقىقاتى ▶

2 . جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش تەرتىپى ئۈستىدىن
نازارەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا .............. — سابىر تەرجىمىسى 17
3 . تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېيىنكە بېرىلگۈچىلەرگە كېپىللىك
قىلغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقى توغرىسىدا ......... — جاگجەن تەرجىمىسى 27

◀ تەپتىش ئەمەلىيىتى ▶

4 . تەپتىش ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش تەدبىرىنى
توغرا قوللىنىشى كېرەك ......... — شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى 33
5 . ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش — دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا
تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ...... — ھېكىم ئابدىرېھىم تەرجىمىسى 38
6 . خىيانەت ئەنزىلىرىنى بېجىرگەندە، خىيانەتچىلىك جىنايىتىدىكى
«ئالداپ ئېلىۋېلىش» بىلەن، ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالدام-
چىلىق»نى توغرا پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك
........................... — ئېلى قادىر 48

◄ شەرەپ تاختىسى ►

8 . كونسناون ئىپتىدىكى قەھرىمان كوللېكتىپ
.................................... — ئۆمەر يۈسۈپ 56

9 . ئۇنىڭ شان - شەرىپى ئەلگە قوشقان تۆھپىسىدىن كەلگەن
.................................... — گوياخان ھوسىيون 67

◄ ئاممىۋى سۆھبەت ►

10 . خىيانەتچىلىك ئەنزىلىرىدىكى تالۇن - ئىسپاتلارنى يىغىش توغرىسىدا
يۈزەكى مۇلاھىزە ..................... — خالىدە ئىسمايىل تەرجىمىسى 73

◄ چەت ئەل قانۇنچىلىقى ►

11 . فىنلاندىيە، نورۋېگىيىنىڭ تەپتىش خىزمىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش
.................................... — ئابلىمىت غوپۇر تەرجىمىسى 78



باش مۇھەررىر: ياقۇپ سالى
مەسئۇل مۇھەررىر: ۋۇچېشىن
مۇھەررىرلەر : گوياخان ھوسىيون، ئۆمەر يۈسۈپ، قاسىم رېھىم، ھېكىم ئابدۇرېھىم
بۇ سانىنىڭ تەرجىمە تەھرىرلىرى: ياقۇپ سالى، قاسىم رېھىم،

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرى

ۋالازولۇ، چىلىشىنىلىيالا

(1)

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە جىنايەتنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەممە ئادەمگە ئايان بىر پاكىت، بۇنى ھەر قانداق ئادەم ئىنكار قىلالمايدۇ. لېكىن، بۇ پاكىتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قانداق تونۇش، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە جىنايەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبلىرىنى قانداق تونۇش، بۇ بىر ئىنتايىن مۇرەككەپ مەسىلە. بىزنىڭچە، ھالقىلىق مەسىلە جىنايەت بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشتا. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى خىل كۆز قاراشنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە پەقەت جىنايەت پەيدا بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جىنايەتلەر — كونا جەمئىيەتنىڭ داغ - ئىزلىرى دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە خېلى ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ خىل كۆز قاراشتا ئاساسلانغاندا، بۇ دۆلىتىمىزدە جىنايەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز، يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيەتتىن يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن. كوممۇنىزم ئىجتىمائىي فورماتسىيەسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئۆزىنى ئاساس قىلغان ھالدا تېخى تولۇق راۋاج تاپمىغان ۋە پىشىپ يېتىلمىگەن جەمئىيەت. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت، ئاڭ پىكىر قاتارلىق جەھەتلەردە كونا جەمئىيەتنىڭ ئىز - داغلىرى يەنىلا ساقلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى جىنايەتلەرنى تېخىمۇ ئوبرازلاشتۇرغان ھالدا يۇقۇملۇق جىنايەتلەر دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەت كونا جەمئىيەتتىن دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، كونا جەمئىيەتنىڭ بەزى جىنايەت ئامىللىرى مۇقەررەر ھالدا

يېڭى جەمئىيەتكە كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش يوقۇملۇق جىنايەتلەرنى پەيدا
قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدە
جىنايەت پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، كونا جەمئىيەتنىڭ ئىز - داغلى-
رىدىن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى جىنايەتلەرنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىگەن. بىز-
نىڭچە، 50 - يىللار دەۋرىدە، كۆپ ساندىكى جىنايەتچىلەر يېڭى ھاكىمىيەتكە
نارازى بولغانلىقتىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسەتكەن. چۈنكى ئەينى
ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا، جىنايەتنىڭ سەۋەبلىرىنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك
ئاساسىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ بىزگە قالدۇرغان بالايىئاپىتى دەپ
ئېيتساق، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەتتى. كىشىلەرمۇ ئاسانلا
چۈشىنەتتى ۋە قوبۇل قىلاتتى. لېكىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇلغىلى 40
يىلدىن ئاشقان بۈگۈنكى كۈندە، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار بىر مۇكەممەل
سىنىپ تەرىقىسىدە دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن يوقۇتۇلغان ئەھۋال ئاس-
تىدا، جىنايەتنىڭ سەۋەبلىرىنى يەنىلا كونا جەمئىيەتنىڭ ئىز - داغلىرىدىن
كۆرسەك، ئۇنى شامال كىرمەيدىغان قىلىپ سۆزلەش روشەن ھالدا قېيىنغا توخ-
تايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، بەزى يولداشلارنىڭ
دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى ماركس ئەسەرلىرىدە
تەسەۋۋۇر قىلىنغان كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان سوتسىيالىستىك
جەمئىيەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىدىن بولغان، شۇڭا، سوتسىيالىستىك جەمئى-
يەتتە تۈپتىن جىنايەت پەيدا بولمايدۇ دېگەن خۇلاسىغا كەلگەن. بۇ، ئوبيېكتىپ
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ خىل سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدە
جىنايەت پەيدا بولۇش مۇمكىن ئەمەس دېگەن ئەنئەنىۋى كۆز قاراش، كىشىلەر-
نىڭ ئىدىيىسىنى قاتماللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزدىكى جىنايەتلەرنىڭ سەۋەبىنى
چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلغان، شۇنداقلا سوتسىيالى-
ستىك جەمئىيەتتە جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى ئازايتىدىغان،
ئۈنۈملۈك ھالدا ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان قانۇن ۋە قائىدىلەرنى، مۇنا-
سىۋەتلىك فاڭجېن، سىياسەتلەرنى توغرا تۈزۈپ چىقىشىمۇ پايدىسىز، شۇڭا،
دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر سوتسىيالىستىك جەم-
ئىيەتنىڭ ئۆزى ئوخشاشلا جىنايەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنالمايدۇ، دەپ
ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزنىڭچە، بۇ خىل
كۆز قاراش توغرا. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ جىنايەت پەيدا
بولىدۇ دېگەنلىك، جىنايەت — سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي
تۈزۈلمىسى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جەم-

مىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى، كەڭ مەنىلىق ۋە تار مەنىلىق دەپ بۆلىنىدۇ. كەڭ مەنىلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تۈزۈلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىلىق ئىقتىسادىي تۈزۈلمە — ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسى- ۋەتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىن جىنايەت پەيدا بولىدۇ دېگەنلىكىمىز — ئاساسەن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جىنايەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا قارىتا مۇھىم سەۋەبلىك رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدە كۆپ خىل ئىگىلىك تۈزۈمى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ، تۇرغانلىقتىن، بەزى جىنايەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىن سىرت، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭمۇ جىنايەتنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئايرىلماس مۇناسىۋىتى بار. ئىجتىمائىي تۈزۈلمە دېگىنىمىز، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى ۋە ئۇيۇشۇشىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى — مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى مۇناسىۋىتى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەق- سىماتى ۋە ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇش مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. سوتسىيا- لىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى سوتسىيالىستىك ماددىي ئىشلەپچى- قىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسەن ماس كېلىدۇ. لېكىن، ئۇزۇندىن بۇيان خىز- مىتىمىزدە كۆرۈلگەن ئېغىر ھالدىكى سەۋەنلىك، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى تەڭپۇڭسىزلىقنى پەيدا قىلىپ ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈلمە ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇققا تەسىر يەتكۈزۈپ ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، جىنايەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىققان. يۇقىرىقى تەھلىللىرىنى بىز مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى بىلەن، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدىكى بەزىبىر نۇقسانلار ۋە تەڭپۇڭسىز- لىقلار، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە جىنايەت پەيدا بولۇشنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرى. ئۇ خىلدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدە جىنايەت پەيدا بولۇشنى ئىنكار قىلىدىغان كۆز قاراش رېئال ئەمەس.

ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكىلەر، سوتسىيالىزم تۈزۈمى جىنايەت پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەر سوت- سىيالىستىك جەمئىيەتتە جىنايەت پەيدا بولىدۇ دەپ قاراپلا قالماستىن، بەلكى،

سوتسىيالىزم تۈزۈمى جىنايەت پەيدا قىلىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر مۇنداق كۆرسەتكەن، ئۆتكەندە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتى تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچى بىر ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەن. بۇ خىل تونۇشتىكى ئېغىش سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدىكى جىنايەتنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسىدە، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ئەنزىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئاددىي ھالدا سوتسىيالىزم تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىگە باغلاپ قويغان. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمى جىنايەت پەيدا قىلمايدۇ دېگەن خۇلاسىغا كەلگەن. شۇڭا، بۇ يولداشلار سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىلىرىنى رېئال سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئىچىگە قويۇپ، كۆزىتىپ چۈشەنگەندىلا ئاندىن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىلمىي ھالدا ئەتراپلىق پاش قىلغىلى ۋە ھەل قىلغىلى بولىدۇ دېگەن بىر مۇھىم سوئالنى ئۇنتۇتۇپ قويغان، بىزنىڭچە بۇ يولداشلارنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى دادىل ئىزدىنىشتىكى روھىنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەمما خۇلاسى ئىلمىي بولۇش - بولماسلىقىنى مەسىلىھەتلىشىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلىنىڭ ھالقىسى: سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئوخشاش بىر مەسىلە بولۇش - بولماسلىقىدا. سوتسىيالىزم تۈزۈمى جىنايەت پەيدا قىلمايدۇ دەپ قارايدىغان يولداشلار مۇنداق كۆرسەتكەن: سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمى ھەم زىچ باغلانغان ھەم پەرقلىق ئىككى ئۇقۇم، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت - سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى بەلگە قىلغان جەمئىيەت. ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيە بولۇپ، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر قايسى ساھەلەردە مۇتلەق ساپ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى سوتسىيالىزمنىڭ نەرسىسى بولىدۇ. لېكىن، كاپىتالىزمنىڭ ھەتتا فېئودالىزمنىڭ نەرسىلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇلىنىڭ تەركىبىدىن ئېيتقاندا، ئاساسلىقى ئىشچى دېھقانلار خوجايىن بولىدىغان كەڭ ئەمگەكچى خەلق. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئۇنسۇرلار ۋە دۈشمەن ئۇنسۇرلارمۇ مەۋجۇت. شۇڭا، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە جىنايەت پەيدا بولۇشتىن قىلچە ئەجەپلەنمەسلىك كېرەك. ئەمما، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بىرلۇپمۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە تەقسىمات تۈزۈمى قاتارلىقلار سوتسىيالىستىك جەمئى-

پەتىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە تەرەققىيات نىشانىسىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ، ئۆزى
جىنايەت پەيدا قىلدۇرمايلا قالماستىن، بەلكى، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە
ئۇنى ئازايتىش، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى يوقىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئەمما،
سوتسىيالىزم تۈزۈمى جىنايەت پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدىغان يولداشلار مۇنداق
ھېسابلايدۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئايرىۋەت-
كىلى بولمايدۇ. جەمئىيەت، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بولۇپ
ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى، ئىجتىمائىي تۈزۈم بۇ خىل
مۇناسىۋەتلەرنىڭ قېلىپلاشقان سىستېمىسى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى دېگەنلىك،
پرولېتارىيات سىنىپى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي شارائىتتا
شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە شۇنىڭغا باغلانغان ئىجتىمائىي
پائالىيەتلەرنىڭ قېلىپلاشقان سىستېمىسى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تۈپ
تۈزۈمى. شۇڭا سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئايرىل-
مايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بولمىسا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىمۇ بولمايدۇ،
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە جىنايەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەم پەيدا بول-
دىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىكەنمىز، ئۇنداقتا، بۇنى بەزى تۈزۈملەردە
ساقلانغان مەسىلىلەر بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. يۇقىرىقى
بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشتىن، بىز بىرىنچى كۆز قاراشقا قوشۇلىمىز. سوتسى-
يالىستىك جەمئىيەت بىلەن سوتسىيالىزم تۈزۈمى، ھەم باغلانغان، ھەم پەرقلىق
بولۇپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈم
مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا قىلچە شۈبھە يوق.
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە سوتسىيالىزم تۈزۈمى يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرغان
ئىكەن، ئۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما، سوتسىيالىس-
تىك جەمئىيەت مۇتلەق ساپ بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدا سوتسىيا-
لىزمنىڭ تەركىبىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. غەيرىي سوتسىيالىزمنىڭ تەركىبىمۇ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە سۆزلىنىۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ
تەركىبىي دېگىنىمىز، ئاساسەن سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، جىنايەت
پەيدا قىلمايلا قالماستىن، بەلكى، جىنايەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىزگىنلەيدۇ.
پەقەت غەيرىي سوتسىيالىزم تەركىبىلا جىنايەت پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزم تۈزۈمى تېخى ئانچە مۇكەممەل ئەمەس، بەزى نۇق-
سانلار مەۋجۇت. بۇمۇ مەلۇم دەرىجىدە جىنايەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سوتسى-
يالىزم تۈزۈمى جىنايەت پەيدا قىلىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان يولداشلارمۇ،

كونكرېت شەرھىلىگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى تېخى تولىمۇ مۇكەممەل ئەمەس، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بەزى تۈزۈملەردە، شۇنداقلا مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى، كادىرلار تۈزۈمى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىقلاردا يا مۇنداق يا ئۇنداق يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسانلار مەۋجۇت. بۇ يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسانلار قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتلاردۇر. بىزنىڭچە، مۇشۇنداق شەرھىلىگەندە شۈبھىسىز توغرا بولىدۇ. لېكىن، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنىڭ جىنايەت پەيدا قىلىشىنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى جىنايەت پەيدا قىلىدۇ دەپ تەڭ ئورۇنغا قويۇپ سۆزلەشكە بولمايدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ جىنايەت پەيدا قىلمايدۇ.

(2)

دۆلىتىمىز نۆۋەتتە تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ماركسىزمنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلگەن كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈشتە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە. دۆلىتىمىز نۆۋەتتە تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ مەنىسى ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان تەرەققىيات تەرتىپىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلىتىمىزگە ئوخشاش ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ يېتىلىش دەرىجىسىدىكى بىر پەۋقۇلئاددە تەرەققىيات باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئۇقۇمى، بىر تەرەپتىن سوتسىيالىزمنىڭ ئادەتتىكى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ يېتىلىش دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى تۆۋەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى ماركس تەسەۋۋۇر قىلغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلى

زور دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى، ماددىي تېخنىكا ئاساسىنىڭ ئومۇم سەۋىيىسى ۋە كىشى بېشىغا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى تېخى ناھايىتى تۆۋەن. رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس. شەھەر بىلەن يېزىلار، رايونلار بىلەن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىلا ناھايىتى زور.

ئىككىنچى، ئومۇم مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك تۈزۈمى گەرچە دۆلىتىمىزدە ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى تېخى ناھايىتى تۆۋەن، ئومۇم مۈلۈكچىلىكنى ئاساس گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىي ۋە كۆپ خىل باشقۇرۇش شەكىللىرى مەۋجۇت. ئاساسىي گەۋدە بولغان ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئۆزىمۇ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، ئومۇم خەلق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىگىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدا، مەركەز بىلەن يەرلىك، تارماق بىلەن كارخانا، كارخانا بىلەن كارخانا ئوتتۇرىسىدا تۈرگۈن مۇرەككەپ مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى تېخى مەۋجۇت. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ مەنپەئەت پەرقلىرى مەۋجۇت. بۇنىدىن باشقا، ھازىر يەنە خۇسۇسىي ئىگىلىك، چەت ئەل بىلەن بىرلىشىپ دەسمايە قوشقان ۋە چەت ئەللىكلەر ئۆز ئالدىغا دەسمايە قوشقان كارخانىلار بار. بۇلار سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى تەرىقىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئومۇم مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك شەكىللىرىگە ماس كېلىدىغان كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇللىرى مەۋجۇت. بۇ خىل تەقسىمات ئاساسەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان شارائىتتا، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇللىرىنى يۈرگۈزىدۇ، جۈملىدىن ھەر خىل قانۇنلۇق ئەمگەك تاپاۋىتى، قانۇنلۇق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتتىن كەلگەن تاپاۋەت، ھەتتا، بەزى قانۇنلۇق ئېكىسپىلاتاتسىيە تاپاۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىكى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك، يېرىم ناتۇرال ئىگىلىك، قاتماللاشقان پىلانلىق ئىگىلىكنى مودېل قىلغان شارائىتتىكى مەھسۇلات ئىگىلىكى تېخى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بەشىنچى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق تېخى ساغلام ئەمەس. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈشنى، ئىگىلىك تەرەققىياتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە

ئەگىشىپ تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر جەريان كېتىدۇ.

ئالتىنچى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىن ئېيتقاندا، كونا جەمئىيەتنىڭ ئادەت كۈچلىرى، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تارمەھكىمچىلىك كۆز قاراشلىرى ھەر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدېيىسىنىڭ تەسىرى ۋە چىرىتىشلىرى تېخى ئېغىر ھالدا مەۋجۇت. ئىدېيىۋى كۆرەش خېلى ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى بىر نەچچە نۇقتىدىن شۇنى كۆرۈۋالىمىزكى، دۆلىتىمىز نۆۋەتتە تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى، ماركس تەسەۋۋۇر قىلغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرقى ناھايىتى زور. مەۋقەنى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ماددىي تۇرمۇش شارائىتىغا قويۇپ، دۆلىتىمىزدە ھازىرقى جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەرنى شەرھلەپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ توپ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى بولۇپ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ھەرىكىتى، جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش فورماتسىيىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل ئىپادىلىنىش فورماتسىيىسى بىر مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە بەلگىلىمىشى بولۇپ، بۇ، مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، بۇ زىددىيەت كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت نېمە؟ پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: «خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ھازىرقى باسقۇچتا بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئاساسىي زىددىيەتتۇر. سىنىپىي كۆرەش مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە يەنىلا ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئۇ ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، سانائەت،

يېزا ئىگىلىك، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىنى پەيدىنپەي زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە شۇ مەقسەتتە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان قىسمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. بىزنىڭچە، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىكى ئاساسىي زىددىيەتتىن قول سالغاندىلا، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرى مەسىلىسىنى ئاممىي ھالدا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا جىنايەت پەيدا بولۇشنىڭ تۈپ سەۋەبى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت — دۆلىتىمىزدە ھازىرقى جىنايەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۈپ سەۋەبى شۇكى، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ھەم سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى بەلگىلەيدۇ ۋە قارار قىلىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىلىرى، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئاساسىي زىددىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

(3)

يۇقىرىدا بىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت — دۆلىتىمىزدە ھازىرقى جىنايەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى دېگەن بۇ خۇلاسىغا كەلدۇق. بۇنى تۆۋەندە بىر قانچە جەھەتتە بۆلۈپ شەرھلەپ ئۆتىمىز:

(1) خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەت دۆلىتىمىزدە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە نامراتلىق ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. نامراتلىق بەزى جىنايەتلەرنى شۈبھىسىز ھالدا پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

نامراتلىقنىڭ كۆپ سەۋەبى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قالاقلىقى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدە. دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن، بىز، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن تۆۋەن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىنتايىن قالاق ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى باشلىغانىدۇق. شۇڭا تارىختىن قەپقالغان ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل قالاق ھالەتنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. دۆلىتىمىز تا ھازىرغىچىلىك دۇنيا بويىچە نامرات دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى، مەملىكەت بويىچە خېلى كۆپ ئاھالە كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، نامراتلىق — دۆلىمىزدە بەزى جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بىزنىڭ نامراتلىق بەزى جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى دېگەنلىكىمىز بىرەر ئەنزە سەۋەب بولۇپ چىقىرىلغان ھۆكۈم بولماستىن، بەلكى ئومۇملۇقتىن چىقىرىلغان يەكۈن. نۆۋەتتە ئاچارچىلىقتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈش گەرچە بار بولسىمۇ، لېكىن سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، بۇ كىشىلەر جىنايەت ئۆتكۈزگەندە ئاچارچىلىق پەيدا قىلغان ئوغرىلىق قىلىش مۇددىئاسىدا بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سادىر قىلغان جىنايەتنىڭ يەنىلا نامراتلىق بىلەن باغلىنىشلىقى بار. مەسىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھايانكەشلىك جىنايىتى بەزى قىس كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان تاۋارلارنى قانۇنسىز ھايىنىغا سېتىش قىلمىشىنى جازالاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل قانۇنسىز ھايانكەشلىك قىلمىشىنى سادىر قىلىدىغان ھايانكەشلەر نامرات بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، لېكىن بۇ خىل جىنايەت تۈرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى نامراتلىقتىن، دۆلىتىمىز ھازىرچە قىس بولغان كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان تاۋارلارنى زور مىقداردا ئىشلەپچىقىرىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىقى مۇمكىن، شۇنداق بولغاچقا جىنايەتچىلەر مۇشۇنداق شارائىتتىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ھايانكەشلىك جىنايى ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىم-

كانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر بىز كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان تاۋارلارنى يېتەر-
لىك ئىشلەپچىقىرىپ بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بولساق، قانۇنسىز ھايە-
نىغا ساتىدىغان ھايانكەشلىك قىلمىشلىرىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇنىڭ-
دىن ئامراتلىقنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا بەزى جىنايەتلەرنىڭ
يۈز بېرىشىدە ئۆز ئارا باغلىنىشلىقى بار ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، خەلق-
نىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددى، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بەلگىلەيدىغانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(2) خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى
ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت
مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قېلىشتەك ھازىرقى ھالەتنى بەلگىلىگەن بولۇپ،
دۆلىتىمىز قىسقا مۇددەت ئىچىدە بۇنى يوقىتالمايدۇ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى
قالاقلىق مۇقەررەر ھالدا نادانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ بەزى جىنايەتلەر-
نىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئومۇملۇقتىن
ئېيتقاندا، خەلقنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسى ۋە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساپاسى
يەنىلا تۆۋەنرەك. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق ئەنئە-
نىسى بار، لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىق پەيدا قىلغان
بېكىنمىچىلىك، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، ۋە يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئو-
داللىق جەمئىيەتكە چۈشۈرۈپ قويغان يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخ، دۆلىتىمىزنى
تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان غەرب مەدەنىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئارقىدا قالدۇرغان.
دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغاچقا مائارىپ
ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ھال-
بۇكى، خەلقنىڭ پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ساۋاتسىز،
چالا ساۋاتلار خېلى مىقدارنى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، نادانلىقتىن ساق-
لانغىلى بولمايدۇ. نادانلىق جىنايەت بىلەن باغلىنىشلىقى بار ئامىل بول-
غاچقا، زوراۋانلىق ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتلەر بولسۇنمۇ، جىنسىي جىنايەت-
لەر بولسۇنمۇ بىر قەدەر بىۋاسىتە باغلىنىشلىقى بولۇپلا قالماستىن، ئىقتىسادىي
جىنايەتلەر بولسۇنمۇ ئوخشاشلا باغلىنىشلىقى بار. نادانلىق مەدەنىيەت ساپاسى
مەسىلىسى بولماستىن، قانۇندىن ساۋاتسىز بولۇش جەھەتلەردىمۇ كۆپلەپ ئىپادى-
لىنىدۇ، قانۇندىن ساۋاتسىز قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىلىرى دەل نادانى-
لىقنىڭ مەھسۇلى. پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىدە زور

دەرىجىدە يۈكسەلمىش بولغاندىلا، ساۋاتسىزلىق بىلەن چالا ساۋاتلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىپ، نادانلىقنى تۈگەتكەندىلا ئاندىن بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان جىنايەتنى توسقىلى بولىدۇ. نادانلىق دۆلىتىمىزدە بەزى جىنايەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولغاچقا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى بار.

(3) خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تاۋار بازىرىدا، تاۋارلار كەمچىل بولۇشنى ئالاھىدىلىك قىلغان تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ كەسكىن زىددىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى بەلگىلىگەن، لېكىن تاۋار بىلەن ئېھتىياجنى قاندۇرالماسلىقتەك بۇ خىل ئەھۋال بەزى جىنايەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جىنايەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن باغلىنىشلىقى بولغان ئامىللارنىڭ بىرى.

تاۋار بازىرىدىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت يەنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت — تۆلەش ئىقتىدارى بولغان ئېھتىياجنىڭ تەمىنلەشتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان ئېھتىياج بازارلاردا كۆرۈلۈۋاتقان تاۋارغا بولغان ئېھتىياج، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تەمىنلەش ئىشلەپچىقارغۇچىلار بازارنى تەمىنلەشنى خالايدىغان ھەمدە تەمىنلەش ئېھتىمالى بولغان تاۋارلارنى كۆرسىتىدۇ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئاساسقا قۇرۇلغانلىقتىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سىياسەت جەھەتتىن كەتكۈزۈپ قويدۇق، شۇڭا تەمىنلىگەن مەھسۇلاتلار ئەمەلىي ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدۇ. مانا بۇ خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە ئىپادىلىنىدۇ، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كەمچىللىكنى ئالاھىدىلىك قىلغان تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ساقلىنىپ قالىدۇ. سوتسىيالىستىك بازارلاردا تاۋار ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، بەزى تۇرمۇش ماتېرىياللىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى تەمىنلەش جىددىي بولىدۇ. دۆلەت جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بەزى مەھسۇلاتلارنى پىلانلىق ھالدا نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى، مەسىلەن، ياغاچ، پولات، بەزى يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە ئاشلىق، ياغ قاتارلىقلار.

مانا مۇشۇنداق بولغانلىقتىن بەزىلەرنىڭ قانۇنسىز جىنايەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق پىلانلىق تەمىنلەيدىغان بۇيۇملارنى تېخىمۇ كۆپ قولغا كەلتۈرۈپ، كۆپ پايدا ئېلىۋېلىشنى پۈتۈنلەي تۇساش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزىلەرنىڭ پىلانلىق تەمىنلەش چارىلىرىدىكى بوشاڭلىقلاردىن پايدىلىنىپ، پىلانلىق تەمىنلەيدىغان تۈرلۈك بېلەتلەرنى يالغاندىن ياساش، ھايىنغا سېتىش ئارقىلىق قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىۋېلىشنى تۇساشمۇ خېلى تەس. يەنە بەزى مەھسۇلاتلار پىلانلىق ھالدا نورمىلىق تەمىنلەيدىغان مەھسۇلات بولمىسىمۇ، لېكىن ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغانلىقتىن ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدۇ، بۇمۇ بەزىلەرنىڭ تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، قىس بولغان ماددىي ئەشيالارنى يۇرۇشى بىلەن تالىشىپ سېتىۋېلىپ، ھايانكەشلىك قىلىپ كۆپلەپ قانۇنسىز پايدىغا ئېرىشىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. يەنە بەزى مەھسۇلاتلار مەملىكەت ئىچىدە كەمچىل ياكى سۈپىتى ناچار، باھاسى يۇقىرى، بەزىلەر مەملىكەت ئىچىدە ئەتكەسچىلىك قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ بولغان جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كەلگۈسىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ماددىي ماتېرىياللارغا بولغان ئېھتىياجى تولۇق قانائەتلەندۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ نورمىلىق تەمىنلەشنى بىكار قىلىش شەرتى ھازىرلانغاندا پىلانلىق تەمىنلەش بېلەتلىرىنى ياسايدىغان، ھايىنغا ساتىدىغان جىنايەتلەر تۈگەيدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بەزى جىنايەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولغان تاۋار كەمچىلىكىمۇ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت بەلگىلەيدۇ.

(4) خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن ئارقىدا قالغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت جەھەتتە پەرق بىلەن توقۇنۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلىگەن، بۇ خىل مەنپەئەت جەھەتتىكى پەرق بىلەن توقۇنۇش بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

ماركس تەسەۋۋۇر قىلغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلىدۇ. مۇشۇنداق بىر كوللېكتىپ ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئورتاق ئىگىلەشنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتتە. خۇددى ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ئىشلەپچىقارغۇچى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئالماشتۇرمايدۇ؛ مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا سەرپ قىلغان ئەمگىكى،

بۇ يەردە بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتىدە ئىپادىلەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىگە بولغان مەلۇم ماددىنىڭ تەۋەلىكىدىمۇ ئىپادىلەنمەيدۇ، چۈنكى بۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، شەخسنىڭ ئەمگىكى ئايلانما يولدىن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ، بەلكى بىۋاسىتە ئومۇمىي ئەمگەكنىڭ قۇرۇلما قىسمى قىلىنىپ ساقلىنىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر ئىشلەپچىقارغۇچى تۈرلۈك تۇتۇپ قېلىشلارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، جەمئىيەتتىن دەل ئۆزى جەمئىيەتكە بەرگەن بارلىقىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بەرگىنى دەل شۇ شەخسنىڭ ئەمگەك مىقدارى. مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخس ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت جەھەتتىكى پەرق بىلەن توقۇنۇش مەۋجۇت بولمايدۇ. لېكىن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىقتىسادىي تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، تەقسىمات ساھەسىدە، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي شەكىل بولىدۇ. لېكىن، تۈرلۈك غەيرىي ئەمگەك كىرىمى شەكىللىرىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، مال-مۈلۈك كىرىمى، بۇ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇلغان يەر، ئۆي تۈرلۈك ئۈسكۈنە قاتارلىقلاردىن ئېرىشكەن ئىجارە ھەققى، پايدا كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى خىلى، مەبلەغ كىرىمى، بۇ ئامانەت پۇلنى قەرز بېرىش، پاي چېكى قاتارلىقلاردىن ئېرىشكەن ئۆسۈم، پاي چېكى ئۆسۈمى، پايدا قاتارلىق كىرىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، تىجارەت كىرىمى، بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى تىجارەتتىن قىلىنغان كىرىم بولۇپ يەنى ئەمگەكتىن كىرگەن كىرىمنىمۇ غەيرىي ئەمگەكتىن كىرگەن كىرىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە پۈتۈنلەي ئەمگەكتىن كىرگەن كىرىم بولمىسىمۇ، ئارىلىشىپ كەتكەن كىرىمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تاۋار — پۇل مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بىز دەۋاتقان ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ماركس تەسەۋۋۇر قىلغان ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئوتتۇرىسىدا خېلى زور پەرق بار. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا دۆلەت، كوللېكتىپ بىلەن شەخسىي مەنپەئەت ئوتتۇرىسىدا مەلۇم زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، بەزى جىنايەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، كارخانىلار پايدا-زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ھەم تىجارەت قىلغۇچى، تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئەمگەك قىممىتى ئىپادىلىنىدۇ. كىرىم —

ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك بويىچە بەلگىلەنگەن تاۋار قىممىتىنىڭ تەقسىماتى. ئەمگەكچى بىلەن كارخانىنىڭ ئايرىم ئەمگىكى ئىجتىمائىي ئەمگەك بىلەن بىۋاسىتە باراۋەر بولالمايدۇ. چوقۇم بازار ئارقىلىق، قىممەت - پۇل شەكلى ئارقىلىقلا، ئاندىن ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، كارخانا - قانۇن بويىچە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان هالدا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان ۋە نىسپىي مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدە، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر مۇناسىپ هالدىكى سىياسەت، ئىقتىساد، قانۇن تەدبىرلىرى يېتىشەلمەيدىغان بولسا، تاۋار رىقابىتى ۋە ئالماشتۇرۇشتا، ئايرىم كارخانىلار دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، تار مەھسىمچىلىك ئىدىيىسىنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن ئەتكەسچىلىك هايانكەشلىك قىلىش، پارا بېرىش، پارا ئېلىش، باج يوشۇرۇش، باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىش قاتارلىق جىنايى هەرىكەتلەرنى سادىر قىلىشى مۇمكىن.

(5) خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن ئارقىدا قالغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنىڭ مۇقەررەر هالدا بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش هادىسىسىنى بەلگىلىگەن، تاۋار ئىگىلىكى — هالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان باسقۇچ. بۇنىڭ ئىچىدىكى غەيرىي سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەركىبلىرى ۋە تاۋار ئىگىلىكىدىكى پاسسىپ ئامىللار بەزى جىنايەتلەرنىڭ سادىر بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىنتايىن ئارقىدا قالغان دۆلەت، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئورنىتىلغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بىرلا خىل، ساپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىگە ماسلىشىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى تېرىشىپ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويماي بولمايدۇ، هەمدە پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش كېرەك. كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىدە هەم سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىمۇ غەيرىي سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەركىبىمۇ بار. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدە يەنە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنىڭ پەرقىمۇ بولىدۇ. غەيرىي سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەركىبىدە يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكلەشكەن ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى ئايرىم مەبلەغ سالغان ئىگىلىك تەركىبلىرىمۇ بار. غەيرىي سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مەۋجۇت

بولۇپ تۇرۇشى بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىز ئىگىلىكىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىدا ئاكتىپ رول ئويناپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تولدۇرغۇچىسى بولۇپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئۆزىدە تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان پاسسىپ ئامىل مەۋجۇت بولۇپ، بۇ پاسسىپ ئامىللار بەزى جىنايەتلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەڭ زور پايدىنى قوغلىشىش — بارلىق خۇسۇسىي كارخانىچىلارنىڭ ئەڭ زور نىشانى، بەزى خۇسۇسىي كارخانىلار بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىكى مۇكەممەل بولمىغان يوچۇقلارغا ئامالىنىڭ بېرىچە كىرىشكە ئۇرۇنۇپ، ئىنتايىن ئاز ئەمگەك ئارقىلىق ئەڭ زور پايدىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەتتا پارا بېرىش، ھايانكەشلىك، باج يوشۇرۇش، باج تاپشۇرۇشتا قارشى چىقىش قاتارلىق تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، كۆپلەپ پايدىغا ئېرىشىشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇ ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتىنى زەھەرلىدى. جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەردىمۇ ئىنتايىن يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى.

(6) خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي، مەدەنىيەت ئېھتىياجى بىلەن ئارقىدا قالغان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى دەرھاللا مۇكەممەللىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەلۇم دائىرە ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بۇمۇ دۆلىتىمىزدە نۆۋەتتە بەزى جىنايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى پەيدا قىلىۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى.

ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغاندا، سىياسىي تۈزۈم - ئۈستىقۇرۇلما، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى - ئىقتىسادىي ئاساس، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى بەلگىلەيدۇ ھەم چەكلەپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ مۇشۇنداق ئىقتىساد تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان دۆلەتتە دۆلىتىمىز ئۇزاق مۇددەت فېئودالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچراپ، ھاكىم مۇتلەقلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان. شۇڭا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا تۇرۇلۇپ ھەم مۇكەممەللىشىپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدە بەزى كەمچىلىك ھەم ئىللەتلەر مەۋجۇت بولىدۇ، مەسىلەن، بيۇروكراتلىق، ھوقۇققا تايىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش قاتارلىقلار، بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى بەزى جىنايەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقى بار.

# جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش تەرتىپى ئۈستىدىن نازارەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

جاڭ تاۋ

خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش تەرتىپىنى نازارەت قىلىش كېرەكمۇ يوق، قانداق نازارەت قىلىش كېرەك، بۇ مەسىلە قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىشىغا ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنىڭ كۈنسېرى مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش تەرتىپىنى نازارەت قىلىش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىش، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە بارغانسېرى گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشى ئۈچۈن بۇ ماقالىدا دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## بىرىنچى، دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى

بىرىنچىدىن، دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىش دۆلىتىمىز قانۇنىنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىگە قويغان مۇقەررەر تەلىپى. خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دۆلەتنىڭ قانۇنىي نازارەتچىلىك ئورگىنى. جىنايى ئىشلار دەۋا پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، دېلو ئېچىش جىنايى ئىشلار دەۋاسى باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا دەۋا ئىشلىرىدىكى مۇستەقىل باسقۇچ. دېلو ئېچىلىشى بىلەنلا ج خ ئورگىنى تەھقىقلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ، تەپتىش ئورگانلىرىمۇ قانۇنىي نازارەت قىلىشى لازىم. چۈنكى دەۋادىكى مۇستەقىل باسقۇچ بولغان دېلو ئېچىش جەريانى مۇقەررەر ھالدا قانۇننى

توغرا ۋە بىر تۇتاش تەتبىقلاش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي نازارەتچىلىك فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلىپ ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ھالدا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 11 - ماددىسىدا «خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى جىنايى قىلمىشلارنى سەزسە ۋە ئۇنى جىنايى قىلمىش دەپ قارىسا، قانۇندىكى تەرتىپلەر بويىچە دېلو ئېچىپ تەھقىقلەيدۇ. ياكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مانا بۇ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار بويىچە دېلو ئېچىش تەرتىپىنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىش جىنايى ئىشلار دەۋالىرى ئۈستىدىن قانۇنىي نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدا ج خ ئورگانلىرى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى «ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇش، ئۆز ئارا ماسلىشىش، ئۆز ئارا شەرتلىشىش» تىن ئىبارەت مۇھىم پرىنسىپقا ئەمەل قىلىدۇ. ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇش، ئۆز ئارا ماسلىشىش ۋە ئۆز ئارا شەرتلىشىش يەككە - يېگانە بولماستىن، بەلكى ئۆز ئارا باغلانغان بولىدۇ. ھەممە جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ھەر بىر تەرتىپىگە سىڭدۈرۈلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە. بۇنى يولغا قويۇشتىن مەقسەت، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىرقى ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋالىرى ئۈستىدىن قانۇنىي نازارەت قىلىشى، ئاساسەن تەھقىقلەشنى نازارەت قىلىش، سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىۋاتىدۇ. خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى پەقەت قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش ۋاقتىدىلا ج خ ئورگانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. گەرچە بەزى جايلاردا خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلەش پائالىيەتلىرىگە ئالدىن قاتنىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دېلو ئېچىش تەرتىپى نازارەت قىلىنمايدۇ. ئەگەر دېلو ئېچىش باسقۇچىدا پەقەت ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇشنىلا تەكىتلەپ قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تەكشۈرۈپ ئەيىبلەش باسقۇچىدا كەلگەندە ئالدىن ئۆز ئارا ماسلىشىش، ئۆز ئارا شەرتلىشىش تەكىتلىنىدىغان بولسا، ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدا ئېيتىلغان دەۋا پرىنسىپلىرى مېخانىك ھالدا ئاجرىتىۋېتىلگەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دېلو

ئىچىش تەرتىپى نازارەت قىلىنمايلا قالماستىن، بەلكى تەھقىقلەشنى نازارەت قىلىشنىڭمۇ رولى بولمايدۇ. شۇڭا، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دېلو ئىچىش تەرتىپىنى كۈچلۈك نازارەت قىلىپ، تەھقىقلەشنى نازارەت قىلىشتىكى يېتەرسىز جەھەتلەرنى تولۇقلاپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرى ئۈستىدىن قانۇنىي نازارەتچىلىكنى مۇكەممەل بولغان فۇنكسىيىلىك سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ، دېلو ئىچىش تەرتىپىدىكى ئىشلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەرتىپلەشتۈرۈش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈش ئاساسىغا ئىگە قىلىش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، دېلو ئىچىشنى نازارەت قىلىش جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسى — جىنايەت پاكىتلىرىنى توغرا، ۋاقتىدا ئېنىقلاپ چىقىشتا، قانۇننى توغرا تەتبىق قىلىشتا، جىنايەتچىلەرنى جازالاشقا كاپالەتلىك قىلىش، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش. دېلو ئىچىش — جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان دەۋا پائالىيىتى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا دېلو ئىچىش جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ مۇستەقىل ئېلىپ بېرىلىدىغان تەرتىپى ئىكەنلىكىلا بەلگىلىنىپ، ئۇنى نازارەت قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەھقىقلىگۈچىلەرنىڭ تونۇشى ئوخشاشماسلىق تۈپەيلىدىن دېلو ئىچىش خىزمىتىدە ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەر ساقلىنىپ، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەسىر يېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، دېلو ئىچىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ئەنزىگە بەزى ۋاقىتتا، ج خ ئورگىنى دېلو ئاچمايۋاتىدۇ، ياكى دېلو ئاچقاندىن كېيىن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، جەرىمانە قويۇش، مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇشقا ئوخشاش نامۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغانلىقتىن جىنايەتچىلەر تېگىشلىك جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلماي قېلىۋاتىدۇ؛ يەنە بەزى دېلو ئىچىش شەرتىگە توشمايدىغانلىقى ئېنىق بولغان ئەنزىلەرگە خاتا ھالدا دېلو ئېچىپ قويۇۋاتىدۇ. دېلو ئېچىلغاندىن كېيىن ۋاقتىدا تۈزەتمەيۋاتىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم پرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دەۋالاشقۇچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بىھۇدە ئازاب ۋە زىيان كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، ھەمدە ئەنزە بېجىرىش خىزمىتىنى تۈيۈق يولغا باشلاپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو ئىچىش تەرتىپى ئۈستىدىن نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش ئىنتايىن زۆرۈر، شۇنداق

قىلغاندا قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان جىنايەتچىنىڭ ھەر قانداقىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، جىنايەتچىلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ ھەم ھەرقانداق ئاساسسىز ھالدا پۇقرالارنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىشتىن ساقلاپ، پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## ئىككىنچى، دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىشنىڭ مەزمۇنى

دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىشنىڭ مەزمۇنى دېگەندە، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش تەرتىپىدىكى قايسى مەسىلىلەرگە نازارەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 61 - ماددىسىدا «خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ياكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەرز قىلىنغان، پاش قىلىنغان ماتېرىياللارنى ۋە ئەيىبكار ئۆزىنى مەلۇم قىلغان ماتېرىياللارنى تەۋەلىك دائىرىسى بويىچە تېزدىن تەكشۈرۈپ، جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك جىنايەت پاكىتلىرى بار دەپ ھېسابلىسا، دېلو ئېچىشى؛ جىنايەت پاكىتلىرى يوق دەپ قارىسا ياكى جىنايەت پاكىتلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا يېنىك، جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ھېسابلىسا، دېلو ئاچماسلىقى لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىشى ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش خىزمىتىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرت ۋە تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بارغان - بارمىغانلىقىنى نازارەت قىلىش دېمەكتۇر. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئەدلىيە ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو ئېچىش ئۈستىدىن نازارەت قىلىشى ئاساسەن مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. دېلو ئېچىش ياكى ئاچماسلىقنى قارار قىلىشتا قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئەمەل قىلغان - قىلمىغانلىقى كونكرېت ئېيتقاندا:

(1) «مەلۇم قىلمىغىچە دېلو ئاچماسلىق» ئەھۋالىنىڭ بار - يوقلۇقى. «مەلۇم قىلمىغىچە دېلو ئاچماسلىق» دېگەندە ئەرز قىلغان، پاش قىلغان ماتېرىياللار بولمىغانلىقتىن دېلو ئاچماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ۋە ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، ج خ ئورگانلىرى ئەنزە بېجىرىش جەريانىدا شۇ ئەنزە بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان باشقا

جىنايەت پاكىتلىرىنى سەزسە ياكى ئامانلىقنى ساقلاشقا ئائىت باشقا ۋەزىپە-
لەرنى ئۆتەۋاتقاندا جىنايەتنى سەزسە، شۇنداقلا گېزىت - ژۇرناللاردىن جىنا-
يەتكە مۇناسىۋەتلىك پاكىتلارنى سەزسە، ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن
دېلو ئېچىشى لازىم. لېكىن ئەمەلىيەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، ئەھۋالنى
بىلگۈچى قانۇن بىلمىگەنلىكتىن خەۋەرى بولمىغان ياكى ئەندىشە قىلىش ۋە
باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئەنزە مەلۇم قىلىشنى بىلمىسىگەن، ئەنزە
مەلۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ياكى مەلۇم قىلىشنى خالىمىغان ئەھۋالدا،
ج خ ئورگىنى جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىسكەنلىكىنى
ۋە دېلو ئېچىشقا توشىدىغان جىنايى پاكىتلىرىنى سەزسىمۇ، ئاكتىپ ۋە تەشەب-
بۇسكارلىق بىلەن دېلو ئاچماستىن، بەلكى ئەنزە مەلۇم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا
ئوخشاش مەلۇم قىلمىغىچە دېلو ئاچماسلىق ئەھۋالى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.
بۇنداق قىلىنسا، ئەمەلىيەتتە جىنايەتچىنى قويۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.

(2) «پاش قىلىنمىغىچە دېلو ئاچماسلىق» ئەھۋالىنىڭ بار يوقلۇقى.

«پاش قىلىنمىغىچە دېلو ئاچماسلىق» دېگەندە ئەنزە ئەھۋالى دۇرەككەپ بولۇپ،
بىر مەھەل پاش قىلىنمىغان ئەنزىنى دېلو ئاچمايلا تەھقىقلەشنى باشلاش، ئەنزە
قاچان پاش قىلىنسا ئاندىن شۇ ۋاقىتتا دېلو ئېچىش، تولۇقلاپ رەسمىيەت
ئۆتەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق قىلىش جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەل-
گىلىمىگە خىلاپ. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا،
دېلو ئېچىش — تەھقىقلەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى؛ دېلو ئېچىش
شەرتلىرىنىڭ بىرى - جىنايەت پاكىتى بار دەپ قاراش. ئۇنىڭدا جىنايەتچى
بىلەن ئاساسىي جىنايەت پاكىتىنى ئېنىقلاپ چىققان ھەمدە ھەقىقىي دەلىل -
ئىسپاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن دېلو ئېچىش نەزەردە تۇتۇلماستىن،
بەلكى جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايى قىلمىشلارنىڭ سېزىلگەنلىكى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەلۋەتتە، قانۇندا بەزى ئەنزىلەرگە دېلو ئېچىش - ئاچماس-
لىقنى تەكشۈرۈپ قارار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى زۆرۈر بولغان تەھقىق-
لەش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىشقا، مەسىلەن، نەق مەيداننى تەكشۈرۈش، ئاختۇرۇش،
تۇتۇپ قېلىش، توختىتىپ قويۇشقا بولىدىغانلىقى ئىنكار قىلىنمايدۇ. لېكىن، بۇ
ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئەنزىلەرنى ۋاقتىدا پاش قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىد-
ىغان جىددىي تەدبىر بولۇپ، ئۇ «ئەنزە پاش بولغاندىن كېيىن ئاندىن دېلو
ئېچىش» ياكى «ئەنزە پاش بولمىغىچە دېلو ئاچماسلىق» بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.
كېيىنكىسى ئۈستىدىن نازارەت ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش لازىم.

(3) دېلو ئېچىشقا تېگىشلىك بولمىسىمۇ دېلو ئېچىش ئەھۋالىنىڭ بار-يوق-

لۇقى. «دېلو ئېچىشقا تېگىشلىك بولمىسىمۇ دېلو ئېچىش» دېگەندە دېلو ئېچىش شەرتىگە توشمايدىغان ئەنزىلەرنى دېلو ئېچىپ تەھقىقلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇشۇ قانۇننىڭ 11 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئالتە خىل ئەھۋالدىن بىرى كۆرۈلسە، دېلو ئېچىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمى قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان ئەنزىلەردە جىنايەتچى ئۆتكۈزگەن ئوخشاش بىر جىنايەت ئۈستىدىن يەنە دېلو ئېچىشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە دېلو ئېچىشقا تېگىشلىك بولمىسىمۇ دېلو ئېچىشقا ئوخشاش ئەھۋاللار ئاساسەن، تاشقى بېسىم، شەخسىي غەرەز بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى ياكى كەسپىي پىششىق بىلمەسلىككە ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ خاتا ھالدا جاۋابكارلىققا تارتىلىپ قېلىش، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى ھەقىقىي جىنايەتچىلەر قويۇۋېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

(4) «دېلو ئېچىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ دېلو ئاچماسلىق» ئەھۋالىنىڭ بار يوقلۇقى، «دېلو ئېچىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، دېلو ئاچماسلىق» دېگەندە، قانۇندا بەلگىلەنگەن دېلو ئېچىش شەرتىگە توشسىمۇ دېلو ئاچماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدە، جىنايەت پاكىتلىرى (جۈملىدىن جىنايەت ئۆتكۈزۈلگەن، ياكى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ۋە ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان) بار بولسا، ھەمدە قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولسا، قانۇن بويىچە دېلو ئېچىش لازىم. ئەمەلىيەت داۋامىدا دېلو ئېچىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ دېلو ئاچماسلىقتەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى باشقۇرۇش تەۋەلىكىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ، دېلو ئېچىشتىن باش تارتىش؛ بەزىلىرى شەخسىي غەرەز بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، قەستەن دېلو ئاچماسلىق ۋەھاكازالار. بۇ خىل ئەھۋاللار مۇقەررەر ھالدا جىنايەتچىلەرنى بوش قويۇۋېتىشتەك ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2 . قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە دېلو ئېچىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان - يايدۇرمىغانلىقى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا:

(1) ئەرز ۋە پاش قىلىنغان ئەنزىلەرنى قوبۇل قىلماسلىق ئەھۋالىنىڭ بار - يوقلۇقى. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ج خ ئورگانلىرى ئەرز

قىلىنغان، پاش قىلىنغان، ياكى تۇتۇپ كېلىنگەن جىنايەتچىلەرنىڭ ۋە ئۆزىنى مەلۇم قىلغان جىنايەتچىلەرنىڭ ئەرزىسىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

(2) ئەرزە باشقۇرۇش تەۋەلىكى دائىرىسىگە كىرىدىغان - كىرمەيدىغانلىقى ج خ ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار ئەرزلىرىگە تەۋەلىك دائىرىسى بويىچە دېلو ئېچىشى لازىم. ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان تەۋەلىك دائىرىسىگە كىرمەيدىغانلىرىنى مەسئۇل ئورگاننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى، ھەمدە ئەرز قىلغۇچى ۋە پاش قىلغۇچىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇشى كېرەك.

(3) دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ تولۇق ياكى تولۇق ئەمەسلىكى. ج خ ئورگانلىرى ئاغزاكى ئەرز قىلغان، پاش قىلغان ياكى ئۆزىنى مەلۇم قىلغان بولسا، ئەھۋالنى ئېنىق سوراش ھەمدە خاتىرە قالدۇرۇشى كېرەك؛ ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىگە كىرىدىغان بولسا، ئەرزە قوبۇل قىلىش جەدۋىلى تولدۇرۇشى؛ دېلو ئېچىشتا تېگىشلىك بولسا، دېلو ئېچىش دوكلاتى يېزىشى ھەمدە ج خ ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇل خادىمىغا تەستىقلىتىشى لازىم.

(4) دېلو ئېچىپ بولغاندىن كېيىن ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، جەرىمانە قويۇش، مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇشقا ئوخشاش جازا بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن بولسا، ئۆزگەرتىلىشى قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقى.

(5) ج خ ئورگىنىنىڭ دېلو ئاچمىغانلىقى ئۈستىدىن نارازىلىق ئەرز قىلىپ، قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلغانلارغا قايتا قاراپ چىقىپ جاۋابىنى بەرگەن - بەرمىگەنلىكى.

(6) قانۇنغا خىلاپ باشقا ئەھۋاللارنىڭ بار يوقلۇقى. مەسىلەن، تەھقىقلىگۈچىلەرنىڭ دېلو ئېچىش جەريانىدا شەخسىي غەرەز بىلەن كۆز بويامچىلىق قىلىش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرىنىڭ بار-يوقلۇقى؛ ئەرز قىلغۇچى، پاش قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئېلىپ، ئۇلارغا زەربە بەرگەن-بەرمىگەنلىكى.

## ئۈچىنچى، دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىشنىڭ ئۇسۇلى

دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىش ئۇسۇلى دېگەندە، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش تەرتىپى ئۈستىدە قانۇنىي نازارەتچىلىكنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى يولداشلار قانۇندا تەپتىش ئورگانلىرى دېلو ئېچىشنى تەكشۈرۈشكە ھەمدە دېلو

ئېچىشنى تەستىقلاش، دېلو ئېچىشنى تەستىقلىماسلىق، ياكى تولۇقلاپ تەھقىقلەشكە قايتۇرۇشنى قارار قىلىشتا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلىنىشى كېرەك دەپ قارىماقتا، مەن بۇنى قۇۋۋەتلىمەيمەن.

بىرىنچىدىن، بۇ خىل قاراش جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەردىن قارىغاندا، ج خ ئورگانلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدا دۆلەت قانۇنى تەرىپىدىن بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقى بويىچە، ئوخشاش بولمىغان خىزمەت تەقسىماتىغا ئاساسەن، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلىدۇ. بىرىنى بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. دېلو ئېچىش تەرتىپىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ج خ ئورگانلىرى قانۇن بويىچە ئۆز تەۋەلىكى دائىرىسىدىكە كىرىدىغان جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدە دېلو ئېچىش - ئاچماسلىقنى قارار قىلىشقا ھوقۇقلۇق. خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ بۇنى تەكشۈرۈپ قارار قىلىشى ھاجەتسىز. گەرچە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق نازارەتچىلىك باشقا ئورگانلارنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ۋە ئارىلاشماسلىق شەرتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى، ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ چات كېرىۋالماسلىقى لازىم. خۇددى تەھقىقلەشنى نازارەت قىلىشنى ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشنى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوتلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمىغىنىدەك، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىشىنىمۇ ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىشنى قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇ خىل قاراشتا، دېلو ئېچىشنىڭ شەرتى بىلەن قولغا ئېلىش، ئەيىبلەشنىڭ شەرتلىرى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن. دېلو ئېچىش باسقۇچىدا ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئەرز قىلىنغان، پاش قىلىنغان ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈشتە جىنايەتنىڭ ئاساسىي پاكىتىنى ۋە جىنايەتچىنى ئېنىقلاپ چىقىش تەلەپ قىلىنماستىن بەلكى دېلو ئېچىپ جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ياكى سۈرۈشتۈرمەسلىكنى بەلگىلەش ئۈچۈن جىنايەت ئۆتكۈزۈش پاكىتىنىڭ بار يوق-لۇقىنى ئېنىقلاپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ قولغا ئېلىش، ئەيىبلەشنىڭ شەرتى بىلەن روشەن ھالدا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بۇ تەرتىپتە تولۇقلاپ تەھقىقلەشكە قايتۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

ئۈچىنچىدىن، بۇ خىل قاراش تەھقىقلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىسىز. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى جىنايەت پاكىتىنى سەزگەندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ھەر خىل تەھقىقلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، جىنايەتچىنى ئېنىقلاپ قولغا چۈشۈرۈش ۋە ئاساسىي جىنايى پاكىتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، ۋاقتىدا دېلو ئېچىشى كېرەك. ئەگەر ج خ ئورگىنى دېلو ئېچىش پىكىر نامىغا دېلو ئېچىش توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى قوشۇپ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللايمەن دېسە، ئۇ چاغدا تەھقىقلەش ۋاقتىغا دەخلى يېتىشى مۇمكىن. ھازىر تەھقىقلەش ئىقتىدارى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتقان ۋە تەھقىقلەش پۇرسىتى تېخىمۇ مۇھىم بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى پاش قىلىش خىزمىتىگە مۇقەررەر تەسىر يېتىدۇ، ھەم جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغىمۇ پايدىسىز.

مېنىڭچە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش تەرتىپىنى نازارەت قىلىشتا ئاساسەن، دېلو ئېچىشنى تەكشۈرۈش ھوقۇقى ۋە قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى تۈزىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كېرەك.

دېلو ئېچىشنى تەكشۈرۈش دېگەندە ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان، بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولۇشى كېرەك:

(1) ج خ ئورگانلىرى دېلو ئاچقاندىن كېيىن، «دېلو ئېچىش دوكلاتى»نىڭ كۆچۈرمىسىنى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئەنگە ئېلىشى ئۈچۈن يوللىشى كېرەك. ئەگەر تەھقىقلەشتىن كېيىن ئەنزىنى بىكار قىلماقچى بولسا، «ئەنزىنى بىكار قىلىش دوكلاتى»نىمۇ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئەنگە ئېلىشى ئۈچۈن يوللىشى لازىم. خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ج خ ئورگانلىرى يوللىغان «دېلو ئېچىش دوكلاتى»، «ئەنزىنى بىكار قىلىش دوكلاتى»نى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك.

(2) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئامما ئارىسىغا چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەھۋالنى سېلىشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، دېلو ئېچىش جەريانىدا كۆرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى ۋاقتىدا سېزىشى كېرەك.

(3) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ج خ ئورگانلىرىغا قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دېلو ئېچىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ

تۇرۇشى، نۇقتىلىق قىلىپ ج خ ئورگانلىرىنىڭ «جىنايى ئىشلار ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلىش جەدۋىلى»نى «دېلو ئېچىش دوكلاتى» بىلەن سېلىشتۇرۇشى لازىم.

قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى تۈزىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش دېگەندە ج خ ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىش پائالىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى تۈزىتىش توغرىسىدا بېرىلگەن پىكىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كونكرېت ئۇسۇل مۇنداق بولۇشى كېرەك:

(1) قانۇنغا ئادەتتىكىچە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىغا قارىتا ئاغزاكى تۈزىتىش پىكرى بېرىش كېرەك.

(2) بىر قەدەر ئېغىر بولغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ياكى بىر قانچە قېتىم يۈز بەرگەن قانۇنغا يېنىك هالدا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشىنى تۈزىتىش ئۈستىدە ئاغزاكى پىكىر بېرىلگەن بولسىمۇ، تۈزىتىلمىگەن بولسا، ج خ ئورگىنىغا «قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى تۈزىتىش ئۇقتۇرۇشنامىسى» بېرىشكە بولىدۇ. ج خ ئورگىنى تۈزىتىش ئەھۋالىنى يازما شەكىلدە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشى لازىم.

(3) قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ، مەلۇم ئاقىۋەت ياكى چوڭراق تەسىر پەيدا قىلغانلاردىن ئىنتىزام جازىسى كۆرۈشكە تېگىشلىكلىرىگە «قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى تۈزىتىش ئۇقتۇرۇشنامىسى» چىقارغاندىن باشقا، بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بارلارغا كادىرلارنى باشقۇرۇش هوقۇق دائىرىسى بويىچە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ زۆرۈر بولغان جازا كۆرۈشىنى تەكلىپ قىلىش لازىم.

(4) دائىم يۈز بېرىپ تۇرىۋاتقان قانۇنغا خىلاپ ئەھۋال ياكى بىر مەزگىل گەۋدىلىك بولغان خائىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە، مەخسۇس تېمىدا پىكىر ياكى ئومۇمىي پىكىر يېزىپ، ج خ ئورگىنىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ياكى ج خ ئورگىنى بىلەن قەرەللىك ياكى قەرەلسىز هالدا «قانۇن بويىچە دېلو ئېچىش سۆھبەت يىغىنى» ئېچىپ، هەل قىلىش چارىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش لازىم.

(5) شەخسىي غەرەز بىلەن قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئېلىش ياكى يالغان ئەنزە پەيدا قىلىپ بىگۇناھ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ ئېغىر قىلمىشلارنى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تەكشۈرۈپ، قىلمىشى ئېغىر، جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسا، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

(6) تۈزىتىش پىكرى بېرىلگەن بولسىمۇ ج خ ئورگىنى قوبۇل قىلمىغان هەم ھەقىقەتەن تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولغان بولسا، ئەھۋالنى خەلق قۇرۇلتىيى

# تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگۈچىلەرگە كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقى توغرىسىدا

سۈمىڭشۇن

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش بەش خىل مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ بىر خىلى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم قانۇن تۈزۈمى. دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 38 - ماددىسى، 40 - ماددىسى ۋە 44 - ماددىلىرىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشكە تەتبىق قىلىنىدىغانلارنىڭ شەرتى ۋە ئوبيېكتلىرىنى كونكرېت بەلگىلىگەن. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرگە تەتبىقلىنىدۇ:

(1) جىنايىتى يېنىكرەك بولۇپ، توختىتىپ قويۇش ۋە قولغا ئېلىش شەرتىگە توشمايدىغان، لېكىن ھەرىكىتىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەشكە ۋە كونترول قىلىشقا تېگىشلىك بولغان جاۋابكارلار؛

(2) توختىتىپ قويۇشقا ۋە قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ئەمما، جاۋابكار ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ياكى ھامىلدار بولغان ياكى ئەمچەكتە بالىسى بار ئايال بولغانلىقتىن، توختىتىپ قويۇشقا ۋە قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلار؛

(3) توختىتىپ قويۇلغاندىن كېيىن قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولۇپ، ئەمما دەلىل - ئىسپات تولۇق بولمىغان ئەيىبكارلار؛

(4) جىنايىتى ئېغىرراق بولۇپ، لېكىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش ياكى تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش چارىلىرى قوللىنىلسا

---

دائىمىي كومىتېتىغا، پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ج خ ئورگىنىغا ئىنكاس قىلىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ دېلو ئېچىشنى نازارەت قىلىشنى قوللاپ، ج خ ئورگىنىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىشلىرىنى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ياردەم بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

جەمئىيەتكە خەۋپ يەتكۈزۈشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغان جاۋابكارلار.

يۇقىرىدىكى 4 خىل ئوبيېكتتىن، شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنىڭ ئوبيېكتلىرىنى ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ: بىرىنچىسى، جىنايىتى يېنىكرەك بولغان ۋە جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزۈش خەۋپى چوڭ بولمىغان جىنايەتچىلەر، مەسىلەن، يېنىك زەخىملەندۈرۈش قاتناش ۋەقەسى ۋە باشقا يېنىكرەك جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن تاسادىپىي جىنايەتچى، ئەگەشكۈچى جىنايەتچى ۋە ئۆسمۈر جىنايەتچى قاتارلىقلار؛ ئىككىنچىسى، قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولۇپ، لېكىن ئوبيېكتىپ ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، مەسىلەن، جاۋابكار كېسەل، ھامىلدار ياكى ئەمچەكتە بالىسى بار ئاياللار ۋە دەلىل - ئىسپات تولۇق بولمىغانلىقتىن، ۋاقتىنچە قولغا ئالمىغانلار. كېيىنكى تۈردىكى كېپىلگە بېرىلگۈچىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ قەبىھلىكى ۋە يوشۇرۇن ئىجتىمائىي زىيىنى چوڭراق بولىدۇ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تەدبىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك.

دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا جىنايەتلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، جاۋابكارنىڭ جىنايى قىلمىشى، كەلتۈرگەن زىيىنى، تەن - سالامەتلىكى ۋە ئائىلىسى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ مەجبۇرلاش تەدبىرىنى بەلگىلىگەن، بۇ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، سىياسەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مەلۇم ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشتىن ئىبارەت بۇ مەجبۇرلاش تەدبىرىنى ئىجرا قىلىشتا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئۇنى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك. مەسىلەن، جاۋابكار ۋە ئەيىبكارلار باشقۇرۇشتىن ئايرىلىپ ۋە قېچىش، بەزىلەر قاچقاندىن كېيىن يەنە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتكە داۋاملىق زىيان سېلىپ، ج خ ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ نورمال پائالىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەتتە يامان تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جاۋابكار ۋە ئەيىبكارلار باشقۇرۇشتىن ئايرىلىپ قاچقاندا، كېپىلگە بېرىلگۈچىلەرنىڭ جاۋابكارلىقىدىن سىرت، كېپىللىك قىلغۇچى قانداق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ؟ كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ كېپىللىك قىلىش جاۋابكارلىقىنى قانداق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك؟ مەن بۇ ماقالىدا يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر، كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتى، كېپىللىك قىلىش جاۋابكارلىقى ۋە كېپىللىك قىلغۇچىنى جازالاشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساس قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە، ئۆزەمنىڭ پىشمىغان بەزى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا

قويۇپ، يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمەن.

1. تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەل بولماي مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر.

ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى - مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب. ئۇنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرى كۈچلۈك ئەمەس. دۆلىتىمىز ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان بەش خىل مەجبۇرلاش تەدبىرى، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىدىن سىرت ھەممىسى روشەن ھالدا مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە، ھەمدە ئىجرا قىلىشقا ئۇڭۇشلۇق بولغان تەدبىرلەر، ئۇنىڭدا باشقۇرۇلۇشتىن ئايرىلىش ۋە قېچىپ كېتىش ھادىسىلىرى ئاسان سادىر بولمايدۇ. پەقەت تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمى بولسىلا، كېپىللىك قىلغۇچى ئاساسىي جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، كېپىلگە بېرىلگۈچىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ياكى شۇ يەردىكى پەيچۇسو، ئاھالە كومىتېتى كەنت كومىتېتلىرى پەقەتلا ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىدۇ. شۇڭا مەجبۇرلاش كۈچى قاتلاممۇ - قاتلام تارىلىپ كېتىدۇ. ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلغۇچى ئورۇن ئاساسىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ مەجبۇرلاش كۈچى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى تولۇق ئىپادىلەنمەيدۇ، ئاھالىلەر مۇرەككەپ بولغان شەھەر رايونلىرى ۋە بازارلاردا تېخىمۇ ئىپادىلەنمەيدۇ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگۈچىنى ئىجرا قىلىشتا ئاساسەن كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ كېپىلگە بېرىلگۈچىنى چەكلىشىگە تايانغاچقا، تاشقى جەھەتتىن كېلىدىغان مەجبۇرلاش كۈچى كەم بولىدۇ، شۇڭا قېچىپ كېتىشتەك ھادىسىلەر ئاسان پەيدا بولىدۇ.

(2) كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ كېپىللىك قىلىش تەدبىرلىرى كەمچىل. ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىدە - كېپىللىك قىلىش تەدبىرلىرى كەمچىل، كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ باشتا قىلغان ۋەدىسى پەقەتلا بىر پارچە ۋەدىنامە، ئۇنىڭ شەرتىدىمۇ پەقەت جاۋابكارنى قاچان چاقىرسا شۇ چاغدا يېتىپ كېلىش، تەكشۈرۈشنى ئاقسىتىپ قويماسلىق ۋە تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، داۋاملىق جىنايەت سادىر قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى سەزسە دەرھال دوكلات قىلىش دېگەن ئىككىلا ماددا يېزىلغان، لېكىن كېپىللىك قىلغۇچى كېپىللىك قىلىش شەرتلىرىگە خىلاپلىق قىلسا قانداق جازالاش ماددىلىرى يوق، مەسىلە چىققاندىن كېيىن ۋەدىنامە بىر پارچە قۇرۇق ھۆججەتكە

ئايلىنىپ قالىدۇ، كېپىللىك قىلغۇچىنى جازالاش ئاساسى بولمىسا، ئۇنى جازالاشقا ئامالسىز بولىدۇ. شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىنىڭ كېپىللىك قىلغۇچى ۋە كېپىلگە بېرىلگۈچىگە نىسبەتەن چەكلەش كۈچى كەمچىل. ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مۇشۇ ئاساسىي مەسىلىلەرگە قارىتا، بەزى ئادەملەر چۈشەندۈرۈشلەردە كېپىلگە بېرىلگۈچى قاچقاندىن كېيىن كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا قانۇن تۈزۈپ كېپىللىك قىلمىشقا توغرا كەلمىدۇ، بولمىسا مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

2. تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

مېنىڭچە، ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتى زاكالەت پۇلىنىڭ ئىشلىتىشى، سانى ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى، كېپىلگە بېرىلگۈچى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن كېپىللىك قىلغۇچىنى جازالاش قاتارلىق مەسىلىلەردە بىر يۈرۈش ئېنىق قانۇن بەلگىلىمىسى بولۇش كېرەك. كېپىللىك قىلىش شەرتلىرى ۋە كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ كېپىللىك قىلىش جاۋابكارلىقى ئېنىق بولغاندىلا، ئاندىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى ۋە ھەقىقىي ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى كېپىلگە بېرىلگۈچى ۋە كېپىللىك قىلغۇچىغا قارىتا بىر ۋاقىتتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە قىلىپ، جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كونكرېت پىكرىم تۆۋەندىكىچە:

1. كېپىللىك قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا

تامامەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، ھەمدە مۇقىم ئادرېسى بارلار كېپىللىك قىلغۇچى بولالايدۇ:

(1) كېپىلگە بېرىلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى كېپىللىك قىلىشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا بولىدۇ؛

(2) كېپىلگە بېرىلگۈچى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ مەسئۇلى (كەنت كومىتېتى ۋە ئاھالە كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كېپىللىك قىلىشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا بولىدۇ؛

(3) كېپىلگە بېرىلگۈچىنىڭ قوشنىسى ياكى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالايدىغان، كېپىلگە بېرىلگۈچىگە قارىتا چەكلەش كۈچىگە ئىگە دوستى

قاتارلىقلار كېپىللىك قىلىشنى ئۆز ئىختىيارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشقا بولىدۇ.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەندە كېپىللىك قىلغۇچى بولالمايدۇ:

(1) كېپىلگە بېرىلگۈچىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىدا دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس ۋە مۇقىم ئادرېسى يوقلار؛

(2) ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى يوق، ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى چەكلەنگەن ۋە ياشانغان بولۇپ نازارەت قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالمايدىغانلار؛

(3) رېجىمغا ئېلىنغان، جازا كېچىكتۈرۈلگەن ئىجرا ياكى شەرتلىك قويۇپ بېرىلگەن تۈردە سىرتىدا ئىجرا قىلىنىۋاتقانلار شۇنىڭدەك كېپىللىككە بېرىپ سىرتتا داۋالىنىۋاتقان، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىلگەن، تۇرار جايى نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ۋە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار.

2 . زاكالەت پۇلى

زاكالەت پۇلى ۋە كېپىللىك قىلغۇچىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەرت بىرلا ۋاقىتتا ھازىرلانغاندا ئاندىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىشنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، زاكالەت پۇلى تۈزۈمىنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇش، كېپىلگە بېرىلگۈچى ۋە كېپىللىك قىلغۇچىغا نىسبەتەن ئىقتىسادىي ۋە قانۇن جەھەتتە ئىنتايىن زور چەكلەش كۈچى بولىدۇ. چەت ئەللەردە كېپىللىك قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مال - مۈلۈك ئارقىلىق كېپىللىك قىلىشنى ئاساس قىلغان.

1) زاكالەت پۇلىنىڭ سانىنى بېكىتىش.

ھازىر پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ سەۋىيىسىگە قارىغاندا زاكالەت پۇلىنىڭ سانىنى بىر مىڭ يۈەندىن ئالتە مىڭ يۈەنگىچە بېكىتكىنى مۇۋاپىق، ئالاھىدە ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا، مەسىلەن، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون ۋە مال - مۈلۈككە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئېغىر جىنايەت ۋەھاكازالار. تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش ئوبيېكتىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى خىل ۋە تۆتىنچى خىل ئادەملەرگە نىسبەتەن، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۈچ مىڭ يۈەندىن تۆت مىڭ يۈەنگىچە ئىجرا قىلسا بولىدۇ؛ تۇرمۇشى بىر قەدەر قىيىن بولغان، ھەم بىرىنچى ۋە تۆتىنچى خىل ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان كېپىلگە بېرىلگۈچىگە بىر مىڭ يۈەندىن ئىككى مىڭ يۈەنگىچە ئىجرا قىلسا بولىدۇ؛ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش ئوبيېكتىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى خىل ۋە ئۈچىنچى خىل ئادەم-

لەرگە نىسبەتەن بەش مىڭ يۈەندىن ئالتە مىڭ يۈەنگىچە ئىجرا قىلىش كېرەك.

2) زاكالەت پۇلىنىڭ سانىنى بېكىتىشتىكى ئاساسلار:

(1) رېئال تۇرمۇش داۋامىدا، زاكالەت پۇلىنىڭ سانىنى بەك تۆۋەن بېكىتسە، كېپىلگە بېرىلگۈچى ۋە كېپىللىك قىلغۇچىغا ئىقتىساد جەھەتتە نىسبەتەن كۈچلۈك چەكلەش كۈچى بولمايدۇ؛

(2) زاكالەت پۇلىنىڭ سانىنى بەك يۇقىرى بېكىتىۋەتسىمۇ بولمايدۇ، بۇنى پۈتكۈل جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلالايدىغان ئاساستا بېكىتىش كېرەك؛

(3) تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان كېپىلگە بېرىش ئوبيېكتلىرى ئىچىدىكى بەرىنچى خىل ئادەملەرگە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن تۆۋەن جازا ھۆكۈم قىلىنسا بولىدۇ، تۆتىنچى خىل ئادەملەرگە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىنىش مۇمكىن، لېكىن جىنايەت سوبيېكتى رەزىللىكى كۈچلۈك بولمىغان، جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان زىيىنى چوڭ ئەمەس، جەمئىيەتكە داۋاملىق زىيان يەتكۈزمەيدىغانلارغا ئەڭ يۇقىرى جازا ئادەتتە ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئىككى خىل ئادەمگە زاكالەت پۇل سانىنى بەك يۇقىرى بېكىتمەسلىك كېرەك؛

(4) تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان كېپىلگە بېرىش ئوبيېكتلىرى ئىچىدىكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل ئادەملەر زىيىنى بىر قەدەر زور، سوبيېكتىپ رەزىللىكى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان كېپىلگە بېرىلگۈچىلەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇددەتلىك قاماق جازاسىدىن يۇقىرى جازا ھۆكۈم قىلىنسا بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۈچىنچى خىل ئادەملەرنىڭ جىنايىتى ۋە جىنايەت دەلىل-ئىسپاتلىرى پۈتۈنلەي تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىغانلىقى، ئۇنىڭ قانۇن سالاھىيىتى تېخى بېكىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى ناھايىتى زور، مۇشۇندىقلارغا زاكالەت پۇلىنى جىقراق بېكىتىپ، ئاندىن ئۇنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان كېپىلگە بەرسە بولىدۇ. شۇڭا، زاكالەت پۇلىنى بەش مىڭ يۈەندىن ئالتە مىڭ يۈەنگىچە ئىجرا قىلسا بولىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال بولسا ئىجرا قىلغۇچى ئورگان ئەھۋالغا قاراپ شۇ ساندىن ئاشۇرۇپ بېكىتسىمۇ بولىدۇ.

3) زاكالەت پۇلىنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى

(1) كېپىلگە بېرىلگۈچىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان كېپىلگە بېرىلگەن مەزگىلدە قاچماي، بەلكى قاچان چاقىرسا شۇ چاغدا يېتىپ كېلىپ، تەكشۈرۈشنى ئاقسىتىپ قويماي، كېپىللىك قىلىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلسە، زاكالەت پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى ھېسابلىماي پۈتۈنلەي ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئۆسۈمىنى ئىجرا قىلغۇچى ئورگاننىڭ باشقۇرۇش ھەققى كىردىم قىلىنىدۇ.

# تەپتىش ئورگانلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش تەدبىرىنى توغرا قوللىنىشى كېرەك

گۇك بېنيۇەن

ئىگەللىشىمىزچە، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ئىقتىسادىي جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا، خېلى نۇرغۇن تەپتىش ئورگانلىرى دېلو ئېچىپ تەھقىقلىنىۋاتقان جاۋابكارلارغا مەجبۇرلاش تەدبىرىنى قوللىنىشتا دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلماي، توغرا چۈشەنمەي، بىر جەھەتتىن قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەر خىل ۋاستىلارنى تولۇق ئىشلەتمىگەن، يەنە بىر

---

(2) كېپىلگە بېرىلگۈچى قېچىپ كەتكەن بولسا، زاكالەت پۇلى پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

(3) كېپىلگە بېرىلگۈچى قېچىپ كەتكەن بولسا، كېپىللىك قىلغۇچىغا يەتتە كۈن ئىچىدە ئۇنى تېپىپ كېلىشنى بەلگىلەش كېرەك. تېپىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن زاكالەت پۇلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تۇتۇپ قېلىپ جەرىمانە قويۇش كېرەك.

3. جىنايى جاۋابكارلىق

كېپىلگە بېرىلگۈچىلەردىن قېچىپ كەتكەنلىرىنى، ئوخشىتىش پرىنسىپى بويىچە، تۇرمىدىن قېچىش جىنايىتى بويىچە ئۇنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. چۈنكى، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغىچە كېپىلگە بېرىش مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنىڭ بىرى، ئۇ باشقا مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى بىلەن ئوخشاش قانۇن كۈچىگە ئىگە، پەقەتلا ئىجرا قىلىنىش شەكلى ئوخشاش ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تەرەپنىڭ ۋەدە بېرىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلغان ئوبيېكتى تۇرمىدىن قېچىش جىنايىتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

جەھەتتىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش جەھەتتىكى مەلۇم ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، جاۋابكارلارنى يىغىۋېلىپ تەكشۈرگەن. بۇ خىل ئەھۋال ئەگەر يەنىلا داۋاملىشىۋەرسە، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئابرويىغا مۇقەررەر تەسىر يەتكۈزۈپ، قانۇننىڭ كەسكىنلىكىگە زىيان سالىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىز تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك دەپ قارايمىز.

1. يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش بىلەن جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقىنى تولۇق تونۇش كېرەك، ئىككىسىنى ئۆز ئارا بىر - بىرىنىڭ ئورنىدا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.

تەپتىش ئورگانلىرى دېلو ئېچىپ تەھقىقلىغان خىيانەتچىلىك پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىلىرىدە، نۇرغۇن ئەنزىلەرنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئۇنى بېجىرىشكە كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بولىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق مەجبۇرلاش تەدبىرىنى قوللانمىغاندا، تەھقىقلەش ئوبيېكتى پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىش، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش، دەلىل - ئىسپاتلارنى يوقىتىش، جىنايەت پاكىتىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، قاتىللىق قىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىق ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، ئەنزىنى تەھقىقلەشكە ۋە جىنايەتچىلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشكە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بىراق، بۇنىڭ بىلەنلا قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرمەسلىككە، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي ئەنزىلەردىكى ئەيىبكارلارنى مەمۇرىي جەھەتتىن يىغىۋېلىش شەكلىنى خالىغانچە قوللىنىپ كونترول قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش بىلەن جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرلاش تەدبىرى مەيلى قانۇنىي خاراكتېر، تەتبىقلاش مەقسىتى ۋە تەرتىپ جەھەتتە بولسۇن ھەممىسى ئوخشاشمايدۇ، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ياكى ئۆز ئارا بىر-بىرىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش بولسا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قاچقۇن جىنايەتچىلەرگە ۋە ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلغان گۇمانلىق ئۇنسۇرلارغا تاقابىل تۇرىدىغان مۇھىم ۋاسىتىسى، بىر خىل مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى مەمۇرىي جەھەتتىن يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈش تەدبىرى. ھالبۇكى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرى بولسا، دۆلەتنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا بەرگەن بىر تۈرلۈك ئالاھىدە ھوقۇق. ئۇ جاۋابكارنىڭ تەھقىقلەش، ئەيىبلەش ۋە سوت قىلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇن

بۇنىڭغا قولاشمىغان، جاۋابكارنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋاقىتلىق چەكلەشتىكى
جىنايى ئىشلار مەجبۇرلاش ئۇسۇلى. تەپتىش ئورگانلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن
ئەھۋالدا تۇتۇپ تۇرۇش، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي ئەنزىلەردىن قولغا ئالغاندا جاۋاب
كارلارنىڭ كۆپچىسى دۆلەت خادىملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق
قىلماسلىق ۋە يېپىشى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋالى بىر قەدەر ئېنىق، خىزمەت ئورنى
تۇرۇشلۇق جايى مۇقىم، ئەنزە سادىر قىلغان سورۇن ھەممە ئەنزە خاراكتېرىنى
تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشمۇ بىر قەدەر ئاسان. شۇڭلاشقا، كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنى
تۇتۇش ئەنزىلەردە يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈشنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قانۇندا بەلگىلەنگەن
شەرتلەر مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تۈردىكى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ
بېكىتكەندە، جاۋابكارلارنى يىغىۋېلىپ تەكشۈرۈشكە بولمايدۇ. پەقەت جىنايى
ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئوخشاش بولمىغان
ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا، چاقىرتىپ كېلىش، كېپىللىككە بېرىپ تۇرۇپ
قىلمىشنى تەكشۈرۈش، تۇرۇشلۇق جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش ياكى
توختىتىپ قويۇش، قولغا ئېلىش قاتارلىق جىنايى ئىشلار دەۋا مەجبۇرلاش
تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.
2. قانۇندا بەلگىلەنگەن جىنايى ئىشلار دەۋا مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنىڭ
ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىپ، مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى توغرا قوللىنىش كېرەك. نۆۋەتتە
جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، جىنايى
ئىشلار دەۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى چاقىرتىپ كېلىش، بېرىپ تەكشۈرۈپ
قىلمىشنى كېپىللىككە بېرىش، تۇرۇشلۇق جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش، تۇتۇپ
قويۇش ۋە قولغا ئېلىش قاتارلىقلار. بۇ بەش خىل مەجبۇرلاش تەدبىرىنىڭ
ماھىيىتى ھەر خىل مەجبۇرلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق جاۋابكارنىڭ
پاكىتى ئېنىق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى، زور گۇمانلىق جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايىتىنى ئەركىنلىكىنى
قانۇن بويىچە ۋاقىتلىق چەكلەپ، جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىلىشىغا تۇسقۇنلۇق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. خىيانەتچىلىك،
پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا،
قانۇندا بەلگىلەنگەن بۇ جىنايى ئىشلارغا دائىر مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى ئەدلىيە
ئەمەلىيىتىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرالايدۇ. تەۋەككۈلچىلىك قانۇنىنى
چەتكە قېقىپ، تەپتىش ئورگانلىرىغا جىنايى ئىشلار بويىچە توختىتىپ قويۇش
ھوقۇقىنى بېرىش، ئىمكان قەدەر تېز ئېنىقلاپ بەلگىلەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قولغا ئېلىشتىن باشقا
تۆت خىل مەجبۇرلاش تەدبىرىنى چوڭقۇر، تولۇق، ئۈنۈملۈك تەتبىقلاش كېرەك.
مەسىلەن، تەپتىش ئورگانلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي

ئەنزىلەرنى دېلو ئېچىپ تەھقىقلەشتە ئەڭ كۆپ، يەنە ئەڭ ئۈنۈملۈك مەجبۇرلاش تەدبىرى، تۇرۇشلۇق جايىنى نازارەت قىلىش دەپ قارايمەن. دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 38 - ماددىسىدا، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەنزە ئەھۋالىغا ئاساسەن، جاۋابكارنىڭ تۇرار جايىنى نازارەت قىلىشقا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. «تۇرار جايى نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان جاۋابكار بەلگىلەنگەن جايدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. تۇرار جايىنى نازارەت قىلىشنى شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسولىرى ئىجرا قىلىدۇ، ياكى ھاۋالە قىلىنغان خەلق گوڭشېسى (ھازىرقى يېزا، بازار)، جاۋابكار تۇرۇشلۇق ئورۇن ئىجرا قىلىدۇ». شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش تۆۋەندىكىدەك ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچىدىن، جاۋابكارنىڭ بەلگىلەنگەن جايدىن چىقىپ كېتىشى چەكلىنىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ پائالىيەت ئەركىنلىكى چەكلىنىدۇ، ئۈچىنچىدىن، شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسولىرى ياكى ھاۋالە قىلىنغان يېزا (بازار)، جاۋابكار تۇرۇشلۇق ئورۇن ئىجرا قىلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە جاۋابكارنىڭ بەلگىلەنگەن جايدىن چىقىپ كېتىشىنى چەكلەشنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك، يەنى جاۋابكارنىڭ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدە تۇرۇشىنى بەلگىلەپ ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى چەكلەش شۇنداقلا ئەنزە ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنىڭ بىر قەدەر مۇۋاپىق ئورۇندا تۇرۇشىنى مەسىلەن، ئىدارىسىدا تۇرۇشىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى چەكلەش؛ جاۋابكارنىڭ پائالىيەت ئەركىنلىكىنى چەكلەشنى، مۇنداق چۈشىنىش كېرەك. ئەنزە ئەھۋالىغا ئاساسەن مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ نازارەت قىلىش ياكى نازارەت قىلىشتا مەخسۇس ئادەم ئاجراتماسلىق، ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئەنزە بېجىرىش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئادەتتە مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ نازارەت قىلغاندا تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى بېجىرگەندە، ئەگەر تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت بۇ مەجبۇرلاش تەدبىرىنى قوللىنىشتا ماھىر بولسا ھەم جىنايى ئىشلار دەۋاسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، «قولغا ئېلىش»نى تەھقىقلەشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، «يىغىۋېلىش»نى تەھقىقلەشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى توختىتىشتەك قوش رولنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش تەدبىرىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىدە، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسوسى ياكى ھاۋالە

قىلىنغان يېزا (بازار)، جاۋابكار تۇرۇشلۇق ئورۇن ئىجرا قىلىشى كېرەك. خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەت ئەنزىلىرى تەپتىش ئورگانلىرى ئۆز ئالدىغا تەھقىقلەيدىغان ئەنزىلەر بولغاچقا، جاۋابكارنىڭ تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشتىن ئىبارەت مەجبۇرلاش تەدبىرىنى ئاساسلىقى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ۋەكالەت ئورگىنى ياكى هاۋالە قىلىنغان جاۋابكار تۇرۇشلۇق ئورۇن ئەمەلىيلەشتۈرسە بىر قەدەر مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىش قاتارلىق جىنايى ئىشلار مەجبۇرلاش تەدبىرى، دۆلەت قانۇنى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىغا يۈكلىگەن جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى بىر تۈرلۈك ئالاھىدە هوقۇق، پەقەت قەتئىي قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەر ۋە تەرتىپ بويىچە ئەستايىدىل توغرا ئىجرا قىلغاندىلا ئۇ قانۇنلۇق بولىدۇ، پۇقرالارنىڭ كىشىلىك هوقۇق - مەنپەئەتىگە ۋە دېموكراتىيە هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەنزە ئەھۋالىغا ئاساسەن يېتەرلىك هالدا قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەر خىل مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى مەجبۇرلاش تەدبىرى بولسا جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان بىر خىل مەجبۇرىي ئۇسۇل بولغاچقا، ئۇنى قوللىنىشتا قەتئىي قانۇن بويىچە ئەستايىدىل ئىش بېجىرىشنى تەكىتلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، قەتئىي قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتلەر بويىچە قوللىنىش، قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قەتئىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە قوللىنىش، خىزمەت هوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلەتمەسلىك كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا، ئەنزە ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، مەجبۇرلاش تەدبىرىنى ئۆزگەرتىشنى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلىش لازىم.

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش ... دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى [illegible]

[illegible] ئىشلار دەۋا تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى [illegible]

[illegible]

[illegible] يەنە ۋە [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible] ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش [illegible] تۈزۈمى [illegible] دۆلىتىمىز [illegible]

[illegible] جۇڭگو [illegible] ئىشلار دەۋا تۈزۈمى [illegible]

[illegible] تۈزۈمنىڭ [illegible] دېموكراتىيىلىك [illegible] ۋە قانۇنچە-

[illegible] تاشقان

[illegible]

[illegible]

[illegible] كەچۈرۈم [illegible] توغرىسىدا [illegible] تەتقىقات

[illegible]

[illegible] ماقالە [illegible] كۆرۈ-

[illegible] قارىشى [illegible]

[illegible] ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش [illegible] دۆلىتىمىزنىڭ

[illegible] دۆلىتىمىزنىڭ

[illegible] ھازىرقى

[illegible] كەچۈرۈم [illegible]

زۆرۈرلىكىگە قارىتا ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ، شۇڭا، بىز بۇ ماقالە-
لامدا ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا شەخ-
سىي كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1

ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش دېگەن نېمە؟ بۇ دۆلىتىمىز خەلق تەپتىش
مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا ۋە جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەن-

گەن. جىنايى ئىشلار دەۋاسى قانۇنىنىڭ 101- ماددىسىدا: «جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كەلمىگەن ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئەھۋاللار ئۈستىدە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، ئەيىبلەشكە ياكى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئەنزىدارلارنىڭ ئۆزىگە قاراتقان خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى. ئۇ ئالدىغا تەھقىقلەيدىغان ئەنزىدارلارنى تەكشۈرۈپ، جاۋابكارنىڭ قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قانۇن بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىشنى زۆرۈر تاپمىسا ياكى جازانى كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىسا، جاۋابكارنى خەلق سوت مەھكىمىسىگە سوت قىلىشقا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىكنى قانۇن بويىچە قارار قىلىپ، جىنايى ئىشلار دەۋاسىنى ئاياغلاشتۇرىدىغان بىر خىل دەۋا تۈزۈمىدۇر.

ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش ئەيىبلەشتىن، ئەيىبلەش مەسىلىسىدىن پەرقلىنىدۇ. تەتقىقلاش ئوبيېكتىدىن قارىغاندا، قانۇندا ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن شەرتلەر: (1) جاۋابكارنىڭ قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنگەن بولۇپ، جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان بولۇشى؛ (2) جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىش زۆرۈر بولمىغان ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنىشقا بولىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئىككى شەرت بىر-بىرىگە باغلىق. شۇڭا، ھەر ئىككى شەرتنى ھازىرلىغاندا، جاۋابكارنىڭ قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنمىگەن بولۇپ، قانۇن بويىچە ئەيىبلەنمەسلىك توغرىسىدا قارار چىقىرىشقا تېگىشلىك بولسا، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ جىنايەتنى چىنايەتكە ئاياغلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئەگەر جاۋابكارنىڭ قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنگەن، جازا ھۆكۈم قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بولۇپ، قانۇن بويىچە ئەيىبلەش توغرىسىدا قارار چىقىرىشقا زۆرۈر بولسا، ئۇنىڭدا ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ جىنايەتلەر ئۈزىگە مەسىلىگە قويۇلغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشتا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىمىزنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى، ئەيىبلەش تۈزۈمىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقى تەپتىش ئورگانلىرىغا قانۇن بويىچە بېرىلگەن قانۇنىي نازارەتچىلىك ھوقۇقىنىڭ ئىپادىسى. خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ قانۇنىي نازارەتچىلىك ئورگىنىدۇر. ئۇنىڭ دۆلەتتە تۈزۈلمىدىكى ئورنى ئۇنىڭ ئەيىبلەش فۇنكسىيىسىنىڭ يۈرگۈزىدىغان ئورگان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى

جىنايى ئىشلار دەۋا ئىشلىرىنىڭ بارلىق جەريانلىرىدا قانۇنىي نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان تارماق ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى تەپتىش ئورگانلىرى بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتتىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۈپ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە. دۆلىتىمىزدە، تەپتىش ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدا قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئەيىبلەش، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش، ئەيىبلىمەسلىك، ئېتىراز بىلدۈرۈش شۇنىڭدەك تەھقىقلەش ئىشلىرى ۋە سوت ئىشلىرىنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق بولغان-بولمىغانلىقىنى نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بىر تۇتاش، توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى قوغدايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى تەپتىش ھوقۇقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىدىن گۇمانلىنىشقا ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

## 2

ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش ئەڭ دەسلەپتە «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ھەرىكىتىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ۋە ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەتبىقلانغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەيىبلەش تۈزۈمى ئەيىبلەش بىلەن ئەيىبلىمەسلىكتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنىلا ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قوغداش ئۈچۈن، 1955 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ «جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش» سىياسىتىنىڭ چۆچۈتۈشى ۋە تەسىرلەندۈرۈشى ئارقىسىدا، زور تۈركۈمدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. تەپتىش ئورگانلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمىدە ياكى جاۋابكارنى ئەيىبلەپ، سوتنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇش ياكى جاۋابكارنى ئەيىبلىمەي، گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىش ئوتتۇرىسىدا يۇچۇق بەك چوڭ بولۇپ كېتىشتەك ئەھۋالغا قارىتا، جىنايەت شەكىللەندۈرۈپ، جىنايى جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك

بولمۇ، لېكىن سەمىيمىلىك بىلەن ئىقرار قىلغان ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى شەرتلىك ھالدا سوتتىنىڭ سوت قىلىشقا تاپشۇرمايدىغان ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمىنى ئىجادىي ھالدا ئورنىتىپ، قانۇنچىلىق جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. 1956 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان «ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان قاماقتىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»دا ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدىغان ياكى تۇۋا قىلىش ئىپادىسى ياخشىراق بولغان ياپونىيىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمىنىڭ قانۇنىي جەھەتتە ئورنىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك ئەدلىيە ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى ھەمدە 1979 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»دا بەلگىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى جىنايى ئىشلار دەۋا تارىخىنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. يېقىنقى زامان جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمى تارىخىدا، جىنايەتچىنى ئەيىبلەش - ئەيىبلىمەسلىك ئەيىبلەشنىڭ قانۇنلۇقلۇقى نەزەرىيىسىدىن تەرەققىي قىلىپ ئەيىبلەشنىڭ قانۇنلۇقلۇقى نەزەرىيىسى بىلەن ئەيىبلەشنى يېنىكلىتىش نەزەرىيىسى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئەيىبلەشنىڭ قانۇنلۇقلۇقى نەزەرىيىسى پرىنسىپ، ئەيىبلەشنى يېنىكلىتىش نەزەرىيىسى تولۇقلىما قىلىنغان جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى، جىنايى ئىشلار قانۇنشۇناسلىقىدىكى «تارتتۇلۇق جازا نەزەرىيىسى» بىلەن باغلىنىدىغان جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمىدە ئەيىبلەشنىڭ قانۇنلۇقلۇقى نەزەرىيىسى، يەنى ئومۇمەن ئالدىنى ئېلىش نۇقتىسى ئاساس قىلىنىپ، جىنايەتچىگە جىنايەت بولغانىكەن ئۇنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش، جىنايەت بولغانىكەن ئۇنى جەزمەن جازالاش پرىنسىپى قوللىنىلدى، تەپتىش ئەمەلدارلىرىدا ئەركىن كېسىم قىلىش ھوقۇقى بولمىدى. 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، «تەربىيىلەش ئۈچۈن جازالاش نەزەرىيىسى»، «مەقسەتلىك جازالاش نەزەرىيىسى»گە باغلىنىشلىق بولغان ئەيىبلەشنى يېنىكلىتىش نەزەرىيىسى بەرپا قىلىندى. ئەيىبلەشنى يېنىكلىتىش نەزەرىيىسىدە ئالاھىدە ئالدىنى ئېلىش ئاساس قىلىنىپ، جىنايى جازادىن باشقا

چارە كۆرۈش سىياسىتى تەشەببۇس قىلىندى. جاۋابكارلىق قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، جىنايى جازا بەرمىسلە ئۆزگەرتىشكە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدىغان بولسا، كەچۈرۈم بېرىش تەرەپ قىلىنىدى. قانۇندا تەپتىش ئەمەلدارلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە ئەركىن كېسىم قىلىش ھوقۇقى بېرىلىپ، جاۋابكارنى سوتنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇش-تاپشۇرماسلىقنى تەپتىش ئەمەلدارى قارار قىلىدىغان بولدى. ھازىر، جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمىدە ئەيىبلەشنىڭ قانۇنلۇقلۇقى، نەزەرىيىۋى پرىنسىپ، ئەيىبلەشنى يېنىۋالدىش نەزەرىيەسىنى تولۇقلىماي قىلىش مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىۋاتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ھەر قايسى دۆلەتلەر تەتبىقلاۋاتقان ئەيىبلەشنى يېنىۋالدىش تۈزۈمىنىڭ بىر قانچە خىل شەكلى بار:

بىرىنچى، دەۋانى توختىتىش تۈزۈمى. مەسىلەن، شىۋېتسىيە، روسىيەنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا، جاۋابكار «جىنايەت شەكىللەنمەيدىغان مۇھىم ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىلمىش»نى سادىر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جىنايى جازادىن باشقا جازانى ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولىدىغان بولسا، ئۇ ئەيىبلەنمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، باش تەپتىشنىڭ ئەھۋالغا قاراپ جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنى توختىتىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن.

ئىككىنچى، ئەيىبلەشتە ئىپادىسىگە قاراپ بېرىلىش تۈزۈمى. مەسىلەن، ياپونىيىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا، تەپتىش ئەمەلدارلىرى جىنايەتچىنىڭ مىجەزى، يېشى، شۇنىڭدەك جىنايەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەيىبلەشكە بولىدىغان ئەنزىيەنى ئەيىبلەشنى ۋاقىتلىقچە كېچىكتۈرۈپ، جاۋابكارنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەيىبلەش، ئەيىبلىمەسلىكنى بېكىتسە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، ئەيىبلىمەسلىك تۈزۈمى. مەسىلەن، فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا، جىنايەت يېنىك بولغان ئەھۋالدا، «قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ جىنايىتى كىچىك ھەمدە ئەيىبلەشكە جامائەت مەنپەئەتىگە پايدىسىز دەپ قارالسا، تەپتىش ئەمەلدارى باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى سوت مەھكىمىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئەيىبلىمەسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

بۇنىڭدىن بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنى ئەيىبلىمەسلىك (ياكى ئەيىبلەشنى ۋاقىتلىقچە كېچىكتۈرۈش، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش) تۈزۈمىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا كەڭ قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ زۆرۈرلىكى ۋە مۇۋاپىقلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

[illegible]

[illegible]

... ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جىنايى ئىشلار
دەۋا قانۇنىنى قوللىنىشتىكى چەك-چېگرىسى ... پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ
... قارار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قاتتىق
جازالاش»، «جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش» قاتار-
لىق جىنايى ئىشلار سىياسىتىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەل-
يىيتى ئاساسىدا قىلىنغان، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە بەرپا قىلىنغان ھەقىقەتتىن چۈشەنچە
ئالاھىدىلىككە ئىگە. سوتسىيالىستىك جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى ... ئەيىبلەشنى
كەچۈرۈم قىلىش ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدىغان مەسىلىلەردىن بولۇپ
ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە، ئۇنىڭ ئاساسى ... [illegible]

1 ... ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ... كەڭچىلىك ...
لارغا ۋە باشقا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرگە قارىتىلغان ... داۋاملاشتۇرۇپ
كېلىۋاتقان «جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش» ...
... روھىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن ... بولمىغان جىنايەتچى-
لەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش جىنايى ئىشلار سىياسىتىنىڭ ... كۆچىنى
ئاشۇرىدۇ. ... 1955 ـ يىلدىكى «... ئاشكارىلاش، پاش قىلىش» ...
ھەرىكىتىدە ... قوللىنىلغان ... قىلمىشىنى ... ئەقىلگە ... كۆڭۈل ...
پارچىلاش ... 230 مىڭدىن ئارتۇق جىنايەتچى ... ئۆزىنى ...
قىلىپ ... سىياسىتى ... ھاسىل قىلىندى ... [illegible]

2 ... ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار ... سوتلاش
تۈرۈش مەقسىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن ... دۆلەتنىڭ جىنايى ئىشلارنى سوتلاش
مەقسىتى پاك ... ۋە قانۇننىڭ ئاساسەن، جىنايەتچىلەرنى ... جازا بېرىش
... بولغان جىنايەتچىلەرنى ... كۆپ ... قىلىش
... ۋە ... ئۆزگەرتىش ... بولمىغان
ياكى جازا كەچۈرۈم قىلىنمىسا بولمايدىغان ... سوت ... قىلىپ
قىلىشتىن ... ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش پۇل ... جىنايەتچىلەرگە
... ئاشكارىلاش ... يالغۇز ...
مەسىلەن، 1956 ـ يىلى ... 1017
نەپەر ... جىنايەتچى ... ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش ...
قىلدى ... كۆپچىلىكى ... قانۇنغا ... ئۆزگەرتىپ ...
[illegible]

3 . ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق. قانۇن بويىچە جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغان ياكى جىنايى جازا كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدىغان جىنايەتچىلەرنى سوتنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرمەي، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى ئاممىنىڭ نازارىتى ۋە ياردىمى ھەم تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۆزگەرتىشكە قويسا، جىنايەتچىلەر ئۆزگەرتىشنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. مەسىلەن، 1989 - يىلى «ئىككى مەھكىمە»نىڭ «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى بىلەن ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە يېڭىدىن ئادەم بولۇش پۇرسىتى بېرىلدى، تەپتىش ئورگانلىرى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قورالدىن تولۇق پايدىلىنىپ 40 نەچچە مىڭ جىنايەتچىنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

4 . ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىشتە پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ياش - ئۆسمۈرلەر بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرگە پارتىيە ۋە دۆلەت ئىزچىل تۈردە جازالاش بىلەن تەربىيە بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى يولغا قويدى، بۇ پرولېتارىياتنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى تارىخىي ۋەزىپىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى. جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش ئۆسمۈرلەرنى ئۆزگەرتىشتە جىنايى جازا بېرىش بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئەمەس. ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنگەنلىكىنى بېكىتكىلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، سوتنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرماي، ئۇلارنىڭ قەلبىگە «جىنايەتچى» دېگەن تامغىنىڭ بېسىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ساغلام ئۆسۈشىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

5 . ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇنىي نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشىنىڭ ياخشى شەكلى. دۆلىتىمىزنىڭ تەپتىش ئورگانلىرى مەخسۇس تەسىس قىلىنغان قانۇن نازارەتچىلىكى ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەت تۈزۈلمىسىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ، تەپتىش ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدا ئەيىبلەش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭدىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن يۈكلىگەن

تەپتىشلىك ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈپ، جازا ھۆكۈم قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولغان جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە ئەيىبلەشنى، جازانى كەچۈرۈم قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولغانلارنى قانۇن بويىچە ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق بولماي، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى تەكىتلىمەي، خىزمەت ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى سوت مەھكىمە-سىنىڭ سوت قىلىشىغا تاپشۇرىدىغان بولسا، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇنىي نازارەتچىلىكى تولۇق بولمايدۇ، ئۆلۈك بولۇپ قالىدۇ ـ دە، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ماسلىشالماي قالىدۇ.

6 . ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش دەۋانى ئاسانلاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن. تەپتىش ئورگانلىرى جىنايى جازانى كەچۈرۈم قىلىش ۋە جازا ھۆكۈم قىلىش زۆرۈرىيىتى يوق دېگەن شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان جاۋابكارلارنى قانۇن بويىچە ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، جىنايى ئىشلار دەۋاسىنى توختاتسا، بەزى دەۋا تەرتىپلىرىنى ئازايتقىلى ۋە ئاددىيلاشتۇرغىلى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنى كۈچىنى توپلاپ ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى جازالاپ، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

4

ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش باشقا ھەر قانداق بىر خىل قانۇن، تۈزۈمگە ئوخشاشلا كامالەتكە يەتكەن ئەمەس، بۇنداق ياكى ئۇنداق نۇقسان ۋە مۇكەممەل بولمىغان جايلىرى مەۋجۇت. لېكىن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ۋەزىيەت تەرەق-قىياتىغا ۋە ئەدلىيە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەيىبلەش-نى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشمەكتە.

بىرىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرىغا بولغان رەھبەرلىكى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمى كۈچەيتىلدى. ئاساسىي قانۇنىنىڭ «ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە مەخسۇس خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1988 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسى تۆۋەن دەرىجىلىك

تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش قارارىغا قايىل بولماي بەزىگە ئەرزلەرنى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىش ۋە قايتا تەكشۈرۈش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى توغرا بولغان ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش قارارلىرىنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ؛ خاتا ياكى ناتوغرا بولغان ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش قارارىنى ئۆزگەرتىشكە، بىكار قىلىشقا ياكى تۈزىتىشكە بۇيرۇشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلىدى. بۇ بەلگىلىمىلەرنى دۆلىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەپتىش ئورگانلىرى ئىجرا قىلدى. باش تەپتىش ليۇ فۇجۇ 1988-يىلى مەملىكەتلىك باش تەپتىشلەر خىزمەت يىغىنىدا يەنە تەكىتلەپ: «ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى ئەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىپ، ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم [illegible] ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىنغان ئەرزلەرنىڭ سۈپىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى ئەرزنى تەسىلىمى قىلىپ قىلغۇچى ئورگاندىن بىر تەرەپ قىلماي، يۇقىرى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ئەرز-شىكايەت تارماقلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ يوليورۇقمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا، 1988-يىلىدىن بۇيان، تەپتىش ئورگانلىرى ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنغان ئەرزلەرنىڭ سۈپىتى ۋە ئەرزنى قايتا تەكشۈرۈش ئەھۋالى قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرۈشكە كىرگۈزۈلۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق تەپتىش ئورگانلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى. شۇڭلاشقان، مەسىلىلەرگە يولۇقسا، دەرىجىدىن ئەھمىيەت بېرىلىپ ۋاقتىدا تۈزىتىلدى. شۇڭلاشقا ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىنغان ئەرزلەرنىڭ سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. [illegible]

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توغرا بولمىغان چەكلەش مېخانىزمى كۈچەيتىلدى. تەپتىش ئورگانلىرى بىۋاسىتە قوبۇل قىلىپ تەھقىقلىگەن جىنايى ئىشلار ئەرزلىرىنى تەھقىقلەش، دەسلەپكى سوراق قىلىش خىزمىتىدە خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇقنى تەپتىش قىلىش، قانۇن-ئىنتىزام تەپتىشى تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ئەيىبلىگۈچىلەر يارلىق، جىنايەت پاكىتلىرىنى ۋە دەلىل-ئىسپاتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، جىنايى ئىشلار تەپتىش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يۆتكىلىدۇ. ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشنى باش تەپتىش ياكى تەپتىش كومىتېتى قارار قىلىدۇ. ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش قارارىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار تەپتىش تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم؛ ئەيىبلەشنى

كەچۈرۈم قىلىنغان ئەنزىلەرنى قايتا تەكشۈرۈش، قايتا قاراپ چىقىش خىزمىتىگە ئەرز - شىكايەت تەپتىش تارماقلىرى مەسئۇل بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەنزىلەرنى تەھقىقلەش، تەييارلىق سوراق قىلىش خىزمىتىنى، ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنغان ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش، قايتا تەكشۈرۈش، قايتا قاراپ چىقىش شۇنىڭدەك ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدىكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش بولمىغان فۇنكسىيىلىك تارماقلار باشقۇرىدۇ، بىر - بىرىنى چەكلەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئەيىبلەش كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئەنزىلەرنىڭ سۈپىتىگە ئۈنۈملۈك ھالدا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ چەكلىشىنى تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئەيىبلەشكە ياكى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئەنزىلەردە، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا قارار چىقارغاندىن كېيىن، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش قارارنامىسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قايتا قاراپ چىقىشنى تەلەپ قىلغان ئەنزىلەرنى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش قارار قىلغان خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى قانۇن بويىچە قايتا قاراپ چىقىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئىلتىماس قىلسا، بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قوبۇل قىلىپ قايتا تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ. قايتا قاراپ چىقىش، قايتا تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى چەكلەش پەيدىنپەي كۈچەيتىلدى.

تۆتىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى جاۋابكارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جاۋابكارلارنىڭ [illegible] ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، [illegible] خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش [illegible] تەكشۈرۈشنى [illegible] خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلغان ئەنزىلەرنى قايتا تەكشۈرۈش [illegible] جاۋابكارلارنىڭ [illegible] ئىلتىماس قىلىش [illegible] قىلىشنى [illegible] بويىچە [illegible] ئۇقتۇرۇپ قويۇش [illegible] تەكشۈرۈش [illegible] جاۋابكارلار [illegible] كۆرسىتىپ [illegible] تولۇق [illegible] ئەنزىلەرنى [illegible]

# خىيانەت ئەنزىلىرىنى بېجىرگەندە، خىيانەتچىلىك جىنايە- تىدىكى «ئالداپ ئېلىۋېلىش» بىلەن ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالدامچىلىق»نى توغرى پەرقلەندۈ- رۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

**ئەلى قادىر**

خىيانەتچىلىك جىنايىتىدىكى «ئالداپ ئېلىۋېلىش» بىلەن ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالدامچىلىق» ھەر ئىككى جىنايەتتە جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى بىر خىل ۋاسىتىسى. جىنايەتچىلەر خىيانەتچىلىك جىنايىتىنى سادىر قىلىشتا خىزمىتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ «ئالداپ ئېلىۋېلىش» ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى قانۇنسىز ئىگەللىۋالسا، ئالدامچى جىنايەتچىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇش يالغان پاكىت ئويدۇرۇش-

---

لەشنى كەچۈرۈم قىلىش بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا يول قويماسلىق؛ ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش قارارى چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش قارارنامىسىنى جاۋابكارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىش؛ جاۋابكار- نىڭ ئەرزىنى ۋاقتىدا قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش لازىم. بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق جاۋابكارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى كۈچلۈك قوغدىغىلى بولىدۇ.

بەشىنچىدىن، جاۋابكارغا ياردەم، تەربىيە بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، سىياسىي-قانۇن ئورگانلىرى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار، جىنايەتچىلەرنىڭ تۇغقانلىرى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ياردەم - تەربىيە بېرىش تۈزۈمى بەرپا قىلىندى. تەپتىش ئورگانلىرى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان كىشىلەرنى قەرەللىك يوقلاپ كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم قىلىپ چىقتى.

قىسقىسى، ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىش، راۋاجلىنىش ۋە مۇكەممەللىشىش ئارقىلىق، كۈندىن - كۈنگە پىشىپ يېتىلىپ، جىنايەتكە قارشى كۆرەش قىلىش داۋامىدا داۋاملىق مۇھىم رول ئوينىغۇسى.

تەك «ئالدامچىلىق» ۋاستىسىنى قوللىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ئالداپ قانۇنسىز قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. بۇ خىل جىنايى قىلمىشلارنىڭ دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىگە كەلتۈرۈۋاتقان زىيىنى ناھايىتى زور. خىيانەت ئەنزىلىرىنى بىجىرگەندە بۇ ئىككى جىنايەتتىكى ئالدامچىلىق قىلمىشىنىڭ چەك - چېگرىسىنى توغرا پەرقلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى توغرا بېكىتىپ، جازانى توغرا ئۆلچەشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە. ئۇنداق بولمايدىكەن خىيانەتچىلىك جىنايىتىدىكى «ئالداپ ئېلىۋېلىش» بىلەن ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالدامچىلىق» ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇۋېتىلىپ ئەنزىنىڭ خاراكتېرىنى خاتا بېكىتىپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ - دە ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرنى دەل، توغرا، قاتتىق جازالاپ، ئىقتىسادىي جىنايەتكە زەربە بېرىش كۈرىشىنى سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇقىم بولۇش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە تولۇق يەتكىلى بولمايدۇ.

«ئالدامچىلىق»، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان يۇرمەتلەردىن پايدىلىنىپ كۆز بويامچىلىق بىلەن ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى بولۇپ مەيلى خىيانەتچىلىك جىنايىتىدە بولسۇن، مەيلى ئالدامچىلىق جىنايىتىدە بولسۇن ھەر ئىككىسىدە يالغان پاكىت ئويدۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇش قىلمىشى يۈز بەرگەن بولىدۇ. شۇڭا بەزى ھاللاردا نوقۇل ھالدا جىنايەت ئۆتكۈزۈش ۋاستىسىنىڭ مۇشۇ تەرەپلەردىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىدەك تەرەپلىرىگە قاراپ بۇ ئىككى خىل جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتكەندە پەرق ئېتىشكە تېگىشلىك بولغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە سەل قارىلىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەنزە مۇزاكىرە قىلىنغاندا قاراش ھەر خىل بولۇپ، پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلۇپ، ئادەتتە تېز بېكىتىپ تېز بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە بولىدىغان بەزى ئەنزىلەر قېيىن، چىگىش ئەنزىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئەنزىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن خىيانەتچىلىك جىنايىتىدىكى «ئالداپ ئېلىۋېلىش» بىلەن ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالدامچىلىق»نىڭ تۆۋەندىكى ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە دىققەت قىلىش ۋە ئۇنى توغرا پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

1. خىيانەتچىلىك جىنايىتىنىڭ سۇبيېكتى دۆلەت خادىملىرى، كوللېكتىپ

ئۈچۈن ئېلىنغان بىر ئىش؛ تەشكىلاتلارنىڭ، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ياكى ئۇمۇمنىڭ «مال-مۈلكى» قولىدىن
چىقىپ كەتكەنلىكى، ياكى ئالدىنىپ قالغانلىقى قورقۇتۇپ ئالغانلىقى ھەقىقىي ئىسپاتلانسا ئالاھىدە
ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشتىن ئىبارەت. بولۇپمۇ ئۆزلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكى ئاشكارىلىنىشى بىلەن قولغا ئېلىنىدۇ
ئۇمۇمنىڭ مال-مۈلكىنى قانۇنسىز ئىگىلەش مەقسىتىدە تەشكىللەنگەن ئالدامچىلىق جىنايەتچىلىرى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئالدامچىلىق جىنايىتىنىڭ سۇبيېكتى، ئادەتتىكى سۇبيېكت بولۇپ،
جىنايى جاۋابكارلىق ياشقا يەتكەن، جاۋابكارلىق ئىقتىدارى بار ئالاھىدە سۇبيېكت ئەمەس ئادەتتە
ھەممە كىشىلەر ئالدامچىلىق جىنايىتىنىڭ سۇبيېكتى بولالايدۇ. بۇ جەھەتتە شەخسلەر
ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ، ئۇمۇمنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ
مال-مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋالسا، شۇنداقلا ئالدامچىلىق جىنايىتىنىڭ
شەكىللىنىدىغان شارائىتى «... ...» ...
... جىنايەت «ئالداپ ئېلىۋالغان» ...
... ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ ئۇمۇمنىڭ مال-مۈلكىنى
ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشى بولۇپ، ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن
پايدىلانغان ... مالنى ... جىنايىتى بىلەن
پەرقلەندۈرىدىغان گەۋدىلىك ئالاھىدىلىك. ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ
ئالداپ ئېلىۋېلىش ... (b) ... سادىر
قىلغۇچى خىزمەت ... ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ ... قولايلىق شارائىت
... ئۇمۇمنىڭ مال-مۈلكىنى باشقۇرۇش ... تۈزۈش،
... ئالدامچىلىق ...
(2) ... خىزمەت
... قولايلىقتىن پايدىلىنىپ ... خىزمەتتىكى
... ۋەزىپىسى ... ئۇمۇمنىڭ مال-مۈلكىنى
ئالداپ ئېلىۋېلىش ... ئالدامچىلىق جىنايىتى ...
... بىلەن ...
... ئۇمۇمنىڭ ... مال-مۈلكىنى قولغا چۈشۈرۈپ ...
... «ئالدامچىلىق» ... جىنايىتىنىڭ
گەۋدىلىك بولغان ئالاھىدىلىكتۇر. ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالداش» چۈشەنچىسى
... (1) ...
... باشقىلارنىڭ ... 
... خىزمەتچى ...
ئالداش. (2) ئۆز ئالدىغا تامغا ئويۇپ، يالغان گۇۋاھنامىلارنى ياساپ ئالداش.
(3) ... قۇربان

بولغانلار ياكى ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، چەت ئەلدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى، بولۇۋېلىپ ئالداش. (4) ماددىي ئەشيالارنى ۋەكالىتەن سېتىپ ئالغۇچى، تەمىنلىگۈچى نامىدا ئوتتۇرىدىكى كىشى بولۇۋېلىپ ئالداش. (5) يالغان توختام، ئۇرۇق توختام تۈزۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئالداش قاتارلىقلار.

3 . خىيانەتچىلىك جىنايىتىدىكى «ئالداپ ئېلىۋېلىش» سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان قىلمىشتۇر. بۇ خىل مەقسەت ۋەزىپىسىدىكى قولايلىق ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالداش» سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئومۇمنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكىنى قانۇنسىز ئالداپ ئىگىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان قىلمىش، لېكىن بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋەزىپىسىدىكى قولايلىق ياكى ئومۇمنىڭ مال - مۈلكى دېگەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

4 . خىيانەتچىلىك جىنايىتىدىكى «ئالداپ ئېلىۋېلىش»نىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئوبيېكتى ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىگە بولغان ئىگىدارلىق هوقۇقى مۇناسىۋىتى. ئىگىدارلىق هوقۇقى مۇناسىۋىتى ئۆزگەرتىلگەندە ئاندىن خىيانەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالدامچىلىق»نىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى ئومۇمنىڭ شۇنداقلا شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكى، رېئاللىق تۇرمۇشتا بەزى ئالدامچىلىق قىلمىشىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى ئومۇمنىڭ ياكى شەخسنىڭ مال - مۈلكى بولماستىن باشقا ئوبيېكتلار بولىدۇ. مەسىلەن، ياش ئاياللارنى يالغان ياۋداق سۆزلەر بىلەن ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئادەم يوق جايلارغا ئېلىپ بېرىپ باسقۇنچىلىق قىلسا بۇ خىلدىكى قىلمىشتىن باسقۇنچىلىق جىنايەت شەكىللىنىدۇ. ئۇنى ئالدامچىلىق جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

5 . خىيانەتچىلىك جىنايىتىدە «ئالداپ ئېلىۋېلىش» يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغاچقا ئاسان پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئالدامچىلىق جىنايىتىدىكى «ئالدامچىلىق»تا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەرەپ ئالدىنىپ، دائىما چۈشۈپ قالغانلىقتىن «قوشۇلۇش» ياكى «ئىختىيار قىلىش» ئارقىلىق ئومۇمنىڭ مال - مۈلكىنى جىنايەتچىگە بەرگەن بولىدۇ. بۇ ئاشكارا ئېلىپ بېرىلغاچقا پەرق ئېتىش ئاسان، بۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىش بىلەن دائىما چۈشۈپ قوشۇلۇپ بېرىۋېتىش، قىلمىشنى پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك.

# شەرەپ تاختىسى

«5- ئاپرېل» توپىلاڭنى تىنجىتىش بىلەن «5- ئاپرېل» ئەنزىسىنى بېجىرىشتە خىزمەت كۆرسەتكەن كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

## 1 . خىزمەت كۆرسەتكەن كوللېكتىپ

**بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر:**

ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى.

**ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر:**

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى

## 2 . خىزمەت كۆرسەتكەن شەخسلەر:

**بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر 5 ئادەم**

(مائاشى بىر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈلىدۇ)

ئارمان قۇربان (تاجىك) ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى.

زىياۋدۇن شاۋدۇن ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى.

قۇربان مېھمان ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى، قوشۇمچە قانۇن ساقچىسى.

ئابلىمىت بارات قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى.

قاسىمجان مەمەت قديۇم (قىرغىز) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر 19 ئادەم

تۇمۇش مەمەت قاسىم (قىرغىز) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى.

يۇخۇيۈەن (خەنزۇ) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى.

توختى مەمەت قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ھەق - تەلەپ مەمۇرىي تەپتىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

مەمەت جۇمە ئىبرايىم (قىرغىز) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى.

جاۋشىنخۇا (خەنزۇ)قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى.

ئەمەت ساۋۇت ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئىقتىسادىي تەپتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

ئابلىمىت يانتاق ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى.

ئادىلجان قارغىباي (تاجىك) ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈكچىسى.

زۇنۇن ئەمەت ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى.

ئابلىز ئىلى ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

مۇرامەت ئەمەت ئاتۇش شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى.

مۇرات ئابلىز (قىرغىز) ئاقچى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى.

ئابدۇكېرەم ئابدۇرېھىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ باش تەپتىشى.

رازىق سۇپۇرگە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى.

ياسىن يولۋاس قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ كادىرى.

مۇسا ھۇشۇر يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى.

ئابدۇرېھىم قادىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكە-
مىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى.
چەن دېخۇي (خەنزۇ) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
جىنايى ئىشلار تەپتىش بىرىنچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى.
ئابدۇۋاپىت نىياز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكە-
مىسىنىڭ تەپتىشى.

ئۈچىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەنلەر 21 ئادەم

غوجا ئىمەن (قىرغىز) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش
مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
سۇن شىلىن (خەنزۇ) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش
مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار تەپتىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
غالىبىيەت كەنجى (قىرغىز) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش
مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى.
جۇرئەت مۇساجان قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكە-
مىسىنىڭ قانۇن - ساقچىسى.
شاچاڭلىن (خەنزۇ ئايال) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش
مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى.
ئەخەت بارات قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكە-
مىسىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى.
ھاشىم خاتىپ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
ئەرزىيەت تەپتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.
ئابدۇراخمان ۋايىت (قىرغىز) قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق تەپتىش
مەھكىمىسىنىڭ شوپۇرى.
ساۋۇت جۇمە ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى.
تۇردى ئىبرايىم ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەرزىيەت تەپتىش
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
ئەيسا راخمان ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈك-
چىسى.
ئەيسا مەمەت ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شوپۇرى.
ئىسلام چۇتۇش (قىرغىز) ئاتۇش شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى
ئىشلار تەپتىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

ساۋۇت ياقۇپ (قىرغىز) ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ
مۇئاۋىن باش تەپتىشى.

ھۈسۈيىن قۇربان يېڭىسار ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلەش
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

بەكرى ئەمەت قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى.

ئابلەت ئىمىن قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ
پروتوكولچىسى.

مۇختەر مامۇت قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ
تەرجىمانى.

ئابدۇكېرىم ئېلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ
تەپتىشى.

سابىر ياقۇپ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى
ئىشلار تەپتىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

غوپۇر ئۆمەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ
ياردەمچى تەپتىشى.

# كوئنلۇن ئېتىكىدىكى قەھرىمان كوللېكتىپ

## (ئاقتۇ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى)

ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئۆمەر يۈسۈپ

ئاقتۇ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمەتنى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىنقىلاۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، تەپتىش خىزمىتىنى «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كادىر ـ ساقچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۆرىشىدە تۈرلۈك تەپتىش كەسپىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. قىزىلسۇ ئوبلاست تەپتىش سىستېمىسى بويىچە تۆت قېتىم ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1987 ـ يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە ئۇدا ئىلغار ئورۇن ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىلىك ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە. ھەتتا 1988 ـ يىلى شىنجاڭ تەپتىش سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۆتكەن يىل ئاقتۇ ناھىيىسى بارىن يېزىسىدا بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر «5 ـ ئاپرېل» ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتەرگەندە بۇ مەھكىمىدىكى بارلىق كادىر ـ ساقچىلار تەپتىش كادىر ـ ساقچىلىرىغا خاس قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىش داۋامىدا ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

### 1 . تەپتىش كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش

ئاقتۇ ناھىيىسى كوئىنلۇن تېغى ئېتىكىگە جايلاشقان چېگرا ناھىيە. ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە 34 نەپەر كادىر ـ ساقچى بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز، خۇيزۇ ۋە خەنزۇ مىللىتىدىن ئىبارەت بەش مىللەتتىن تەركىب

تاپقان. بۇ ناھىيە ئامرات بولغاچقا، مەھكىمىدىكى كادىر - ساقچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناچارراق. تەپتىش مەھكىمىسى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنى باشلاپ تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە پارتىيىۋىلىك مەيدانى مۇستەھكەم، تەجرىبىسى مول، بىلىملىك، ئەخلاقلىق بىر قىسىم قاۋۇل كادىرلارنى مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈپ، ئىچكى ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقىنى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش، يۈز خاتىرە قىلماسلىق، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ يادرولۇق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك ۋە باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە كادىر - ساقچىلارنى خىزمىتىنى خۇلاسىلاپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە سەپەرۋەر قىلدى ۋە ئۇلارنى پارتىيە نىزامنامىسى، مەركەزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى، تەپتىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. تونۇش ئايدىڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر قايسى ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشنى ئۆز قۇرۇلۇشىنى پاكلاشتۇرۇشتىن باشلاپ، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىك مەيدانىنى مۇستەھكەملەش ۋە رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا، كادىر - ساقچىلار بولسا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى تىكلەشكە مۇستەھكەم ئىرادە باغلىدى.

### 2. چاقىرغان ھامان دەرھال كېلىش، بۇيرۇق بېرىلگەن ھامان جەڭگە ئاتلىنىش

4 - ئاپرېل چۈشتىن كېيىن، ناھىيەلىك سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىسىدىن 10 نەپەر كادىر - ساقچىنىڭ 5 - ئاپرېل بارىن يېزىسىغا بېرىپ، تەرتىپ ساقلاش توغرىسىدىكى قارارى ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەھكىمىنىڭ باش تەپتىشى ئاردان، مۇئاۋىن باش تەپتىشى زىياۋۇدۇن جىددىي يىغىن ئېچىپ، ناھىيەلىك پارتكومنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈپ، كادىر - ساقچىلاردىن تاسادىپىي

يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، دۆلەت، خەلق مەن-
پەئەتىگە زىت بولغان ھەر قانداق قىلمىشقا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشنى، ھەتتا
دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتا قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.
بۇنى ئاڭلىغان كادىر - ساقچىلارنىڭ ھەممىسى بەس - بەس بىلەن ئالدىنقى
سەپكە بېرىپ، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. باش تەپتىش ئىسىملى-
كىنى ئېلان قىلغانلارنىڭ ئىچىدە ياشانغانلار، ئائىلى ئېغىر كېسەل بىلەن بال-
نىتسىدا يېتىپ قالغانلار، بالىسى پارالىچ بولۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بول-
مايدىغانلار ۋە بالىسىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ جىددىي قۇتقۇزمىسا بولمايدىغان
ھالغا كېلىپ قالغانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ، قىيىنچىلىقنى تەكىتلە-
مىدى، ئىككىلىنىپمۇ قالمىدى، ئىسمى ئېلان قىلىنمىغانلار ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى قايتا - قايتا
تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاندا، باش تەپتىش مەھكىمىدىكى خىزمەتلەرنى
ئىشلەشمۇ خىزمەت ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، خىزمەت ئىشلەپ ئاران
ئۆندۈردى. شۇنداق قىلىپ ياش، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشانغانلاردىن تەركىب تاپقان بۇ
جەڭگىۋار قوشۇن ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن 5 - ئاپرېل ئەتىگەن سائەت
توققۇزدا ناھىيە بازىرىدىن 18 كىلومېتىر كېلىدىغان بارىن يېزىسىغا يېتىپ باردى.

### 3. سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، قايمۇققان ئاممىنى نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈش

5 - ئاپرېل بارىن يېزىسىنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. بىر
ئوچۇم يامان نىيەتلىك كىشىلەر بازار كۈنى ئادەمنىڭ نۇرغۇنلىقىدىن ۋە دىنى
ئەسەبىلىكتىن پايدىلىنىپ ئاممىنى قۇترىتىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق
بىلمەيدىغان كىشىلەرنى توپلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا توپ - توپ
بولۇپ دۇئا قىلىپ، چاتاق چىقارماقچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ئەھۋال ئىنتايىن
خەتەرلىك ئىدى. ئوبلاست ۋە ناھىيىنىڭ شۇ مەيداندىكى رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇن-
لاشتۇرۇشى بىلەن باش تەپتىش ئارمان ۋە مۇئاۋىن باش تەپتىش زىياۋۇدۇن
قاتارلىق كادىرلار بازاردا قىلىپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. ئاممىغا خىزمەت ئىشلەپ،
ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ باردى.
ئۇلار ئاممىغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، قانۇن -
ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، چاتاق چىقىرىشقا ئارىلاشماسلىق ھەققىدە تەربىيە
بەردى. ئۇلار يەنە بىر جەھەتتىن، بەلگىلىك ھەرىكەت ئىپادىسى كۆرۈلگەن
بۇزۇق كىشىلەرنى ئىنچىكە كۆزەتتى. يولداش زىياۋۇدۇن باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئىنتا-

يەنە سەگەكلىك بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ، رادىئو ئۈزىلىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ-دە، چاققانلىق بىلەن ئاما ئارىسىدا يېرىپ ئۇلارنى تارقىتىۋېتىپ، بۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەپ، بۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ.

مەھكىمە ئىشخانا مۇدىرى تۇردى ئىبراھىم بىر نەپەر ئەدلىيە كادىرى بىلەن كەنتكە بېرىپ دەككە - دۈككە بولۇپ، ئىككىلىنىپ تۇرغان ئاممىنىڭ كۆڭلىنى توختىتىش خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار مەھەللىمۇ - مەھەللە، ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ ھەتتىمي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان دېھقانلارغا ئەھ-ۋالنى چۈشەندۈرۈپ، قۇترالقۇلۇق قىلغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تونۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىق توغرىسىدا ھارماي - تالماي پۈتۈن كۈن تەربىيە بېرىدۇ. ئۇلار بۇيرۇق بويىچە كېچە سائەت ئۈچلەردە يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا قايتىش ئۈچۈن كەنتتىن چىقىشىغىلا، پۇتىغا توپچىلار ئاق ئايىغى كىيگەن، ۋەلسپىتلىك كېلى-ۋاتقان بىر گۇمانلىق كىشىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. ئۇنى توسۇپ ئىنچىكە سۈرۈش-تۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ كاتتىبېشى تەرىپىدىن ئادىمىنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىشقا قوترىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئالاقىچى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنى كەنتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار ئىككىيلەن يولدا كېتىۋېتىپ، ئەھۋالنى بىلمەي قولىغا كالتەك ئېلىپ توپىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىشكە كېتىۋاتقان 60 تىن ئارتۇق دېھقانغا خىزمەت ئىشلەپ ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇۋېتىدۇ. مۇشۇنداق ئىنچىكە تەربىيە خىزمىتى ئىشلەش داۋامىدا، «غازات»قا قاتنىشىش ئۈچۈن قەسەمىيات قىلغان 200 دىن ئارتۇق كىشىدىن نۇرغۇنلىرى نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇۋېتىلىپ پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرلا قاتناشقان. توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈلگەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقلىرىدىن ئىن-تايىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا سەممىي رەخمەت ئېيتقان.

## ٤. باش جىنايەتچىلەرنى پەم بىلەن تورغا چۈشۈرۈش

4 - ئاپرېل چۈشتىن كېيىن، ۋەزىيەتنى ئومۇميۈزلۈك كونترول قىلىش، چاتاق چىقارغۇچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئوبلاست ۋە ناھى-يىدىكى رەھبەرلەر چاتاق چىقىرىشنى پىلانلىغان، تەشكىللىگەن، قوماندانلىق قىل-غان بىر نەچچە كاتتىباشنى دەرھال تۇتۇشنى قارار قىلىپ، بۇ ۋەزىيەتنى قورال-

لىق ساقچى قىسىم، ج خ ۋە تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىغا تاپشۇردى. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك هايات - ماماتلىق ئېلىشىش ئىدى. تەپتىش ۋە باشقا تارماقلاردىن تاللاپ ئېلىنغانلار تۆت ئاقتۇرۇپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىغا تەشكىللىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن جامال، ئابدۇرېهىم تۇردى، ئىسهاق هۇشۇر قاتارلىقلارنى تۇتۇش تاپشۇرۇلدى.

ياردەمچى تەپتىش ئادىلجان (تاجىك) نىڭ گۇرۇپپىسى جامالنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭغان ئىدى. ئۆيىنىڭ يېنىدىكى چىغىر يولدا موتوسىكلىت بىلەن كېلىۋاتقان جامالنى چەبدەسلىك بىلەن توسۇپ تۇتۇۋالدى. ئۇنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ماشىنىغا سېلىپ يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ دەرۋازا ئالدىغا توپلاشقان 300 دىن ئارتۇق مالىمانچىلارنى كۆرۈپ، «يول بوشىتىڭلار!» دەپ شېرىكلىرىگە بىشارەت بەردى. توپىلاڭچىلار ئۇنىڭ بىشارىتى بىلەن دەرهال ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماشىنىنى ئورىۋېلىپ، كېپىنكىنى ئېچىپ كېپىنكىدىكى كادىر - ساقچىلارنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنغاندا، ئادىلجان بىر قولىدا كېپىنكىنىڭ ئىشىكىنى، يەنە بىر قولىدا جامالنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ توپىلاڭچىلار بىلەن ئېلىشتى. ئۇلار ماشىنىنى كۆتۈرۈپ ئۆرۈۋەتمەكچى بولدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە قوراللىق ساقچىلار يېتىپ كېلىپ، توپىلاڭچىلارنى هەيدىۋەتتى. ئادىلجان ۋە باشقا يولداشلار قۇتقۇزۇۋېلىندى. توپىلاڭنى پىلانلىغان ۋە توپىلاڭچىلارنىڭ ئاتالمىش قوماندانى جامال ئاخىرى قانۇن تورىغا چۈشتى.

2 - تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى ئابلىز ئېلى بىلەن زۇنۇن ئەھمەت ئارا مەھەللە كەنتىدىن ئاساسىي جىنايەتچى ئابدۇرېهىم تۇردىنى تۇتقاندىن كېيىن، يېزىلىق هۆكۈمەتكە قايتماقچى بولغان ئىدى. يولنىڭ قالايمىقان، ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماشىنىنى كەينىگە ياندۇرۇپ جىنايەتچىنى ناهىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

قانۇن ساقچىسى قۇربان مېهمان قاتناشقان تۇتۇش گۇرۇپپىسى ئىسهاقنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئۆيىگە بارغاندا، توپىلاڭنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرىدىن 40 - 50 كىشى ئۆيىگە يىغىلغان ئىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئىسهاقنى تۇتۇشقا قارشىلىق كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن «سىلەرنىڭ رەهبەرلىرىڭلار بىز بىلەن سۆهبەتلەشسۇن» دەپ جار سالدى. ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىككى نەپەر ج خ ساقچىسىنى تۇتقۇن قىلدى. ئۇلارنىڭ هەرىكىتى بەك ئەدەپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەهۋالنى قوماندانلىق شتابىغا دوكلات قىلىش ئۈچۈن قۇربان مېهمان بىلەن خەنزۇ شوپۇر لى جىڭجۇ دەرهال مۇهاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ، يېزىلىق هۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسى

ئالدىغا كەلگەندە، توپىلاڭچىلار شوپۇرنى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ، قاتتىق ئۇرۇشقا باشلايدۇ. قۇربان مېھمان كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ يولداشنى قوغدىدى. يەنە قادۇن، سىياسەتنى تاپشۇرۇپ توپىلاڭچىلارنى قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا توپىلاڭچىلار تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، قۇربان مېھماننى بىر تەرەپتىن «خىتايلارنىڭ غالچىسى» دەپ تىللىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، لىجىڭجۇنى يەنىلا ئۇرۇپ، بېشىنى قانىتىۋەتتى، خىش - كېسەك پارچىلىرىنى تەرەپ - تەرەپتىن ئاتتى. ئۇنىڭ يان قورالىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقتىن، شوپۇرنى يۆلەپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا چېكىندى. توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، يولداش لىجىڭجۇ تەپتىش مەھكىمىسىگە كېلىپ قۇربان مېھماننىڭ سىنىپىي مۇھەببىتى، قېرىنداشلارچە مىللىي دوستلۇقىنى ماختاپ ئۇنىڭغا چەكسىز تەشەككۈر ئېيتتى.

5 - ئاپرېل كەچتە توپىلاڭغا قاتناشقۇچىلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ خوردىكى ئۆسۈپ، تۇتۇۋېلىنغان كاتتىباشلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ چوقان كۆتەردى. تەپتىش كادىر - ساقچىلىرى ئارمىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىغا سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە ئىشىنىشىنى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىكىنى دەۋەت قىلدى. بۇ ۋاقىتتا توپىلاڭچىلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، تاش، خىش پارچىلىرىنى ئاتتى. جەڭچىلەرنى تىللىدى ۋە ئۇردى. توپىلاڭنى تىنجىتىش قوماندانلىق شتابى ھۇجۇمغا ئۆتكەن توپىلاڭچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردا سەپ تارتىپ كېتىۋاتقانلارنى ۋە قوراللىق قىلغانلارنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. تەپتىش كادىر - ساقچىلىرى باشقا تارماقلاردىكى جەڭچىلەر بىلەن بىرلىكتە تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان تاشلارغا، تېگىۋاتقان مۇشتلارغا قارىماي 20 نەچچە توپىلاڭچىنى تۇتتى. پۈتۈكچى ئەيسا راخمان تۇتۇۋېلىنغان ئېگىز بويلۇق بىر توپىلاڭچىنىڭ قېچىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشتى. كېيىمىنىڭ يىرتىلغانلىقىغا، تىزىنىڭ يارىلانغانلىقىغا قارىماي قاتىلنى بويسۇندۇردى.

### 5. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، پوزىتسىيىنى قاتتىق ساقلاش

5 - ئاپرېل كېچىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى توپىلاڭچىلارنىڭ قوترىتىشى بىلەن توپىلاڭچىلار ۋە قايمۇققان 300 دىن ئارتۇق ئادەم ئوبلاست ۋە ناھىيىنىڭ كادىرلىرىنى، تەپتىش ۋە باشقا تارماقلاردىكى جەڭچىلەرنى باردىن يېزىلىق

ھۆكۈمەت قورۇسىغا قورشىۋالغان ئىدى. توپىلاڭچىلار يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بىر
كىلومېتىر كېلىدىغان كۆۋرۈك يېنىدا ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن كەلگەن قوراللىق
ساقچى قىسىمىنىڭ كوماندىرى ـ جەڭچىلىرىدىن ئالتەيلەننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ج خ
ئىدارىسىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر نەچچە كادىرى ـ ساقچىسىنى تۇتقۇن قىلىپ،
ئۇلارنىڭ قورال ـ ياراقلىرىنى ۋە خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىنى بۇلاپ كەتكەنىدى.
ئۇلار، بۇ قوراللار ۋە ئالگىرى ئۆزلىرى ياسىغان يەرلىك گراناتا، پارتلاتقۇچ
دورا قاتارلىق قوراللار بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنى ساقلاۋاتقان ساقچىلارغا ھۇجۇم
قوزغىغانىدى. توپىلاڭچىلار غالجىرلىشىپ، كادىر ـ ساقچىلارنى قورال تاپشۇ-
رۇپ تەسلىم بولۇپ چىقىشقا دەۋەت قىلدى. يولداش ئارمان ۋە
زىياۋدۇن باشلىق يەتتە نەپەر تەپتىش كادىرى قوراللىرىغا ئوق بېسىپ يېزى-
لىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ئىشىكىنىڭ كەينىگە ۋە دېرىزە ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ،
بىرىنچى تۇساقتىن بۆسۈپ كىرگەن توپىلاڭچىلارغا قايتارما زەربە بەرمەكچى
بولدى. بۇ ۋاقىتتا توپىلاڭچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ھويلىغا، ئۆگزىگە، دېرىزە
ئاستىغا يەرلىك گراناتلارنى تاشلىدى. قۇلاقنى يارىۋەتكۈدەك پارتلاش
ئاۋازى بىلەن تەڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تېمى پارتلاشتىن يېرىلىپ ئۈچ يەر-
دىن تۆشۈك ئېچىلدى. بەزى توپىلاڭچىلار تامغا، دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ ھويلى-
لىغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. ئوق، گرانات پارچىلىرى ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى
تېشىپ تەپتىش كادىرلىرىنىڭ باشلىرىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى. بۇ
ۋاقىتتا ئۇلار قاراۋاتقان 30دىن ئارتۇق تۇتقۇن پۇرسەت كۈتۈپ قىمىرلىشىۋا-
تاتتى. ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى. ئۇلار ھەققانىيەت بىلەن قەبىھلىك،
ھايات ـ ماماتلىق سىناق ئالدىدا دۆلەتنىڭ ئامانلىقى، ئۆز زىممىسىدىكى شە-
رەپلىك مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىر يۈكتىن باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمىدى. ئۆزى-
نىڭ ھاياتى ۋە ئائىلىسىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمىدى. ئۇلار-
نىڭ قەلبىدە پارتىيە ۋە خەلققە بولغان چەكسىز مېھىر ـ شەپقەت، بىر ئوچۇم
غالجىرلاشقان توپىلاڭچىلارغا غەزەپ ـ نەپرەت لاۋۇلداپ ئۆرتەپ ياناتتى. كۆپ-
چىلىك قانلىق كۆرەش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ئىپادىلەشكە قەتئىي
بەل باغلىدى. تەپتىش كادىرلىرى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىش ئورنىدا
چىڭ تۇردى. تېخى يېڭى كېلىپ قورالنى تۇتۇپ باقمىغان ئەنۋەرمۇ جاپالىق
مەشىق قىلىپ قورال ئىشلىتىشنى ئۆگەندى. مۇئاۋىن باش تەپتىش زىياۋدۇننىڭ
ئىككى ئوغلىنى توپىلاڭچىلار تۇتقۇن قىلغان بولسىمۇ، دەرتىنى ئىچىگە يۇتۇپ
قىلچە ئىككىلەنمىدى. باش تەپتىش ئارمان توپىلاڭنى تىنجىتىش ئالدىنقى سەپ
قوماندانلىق شتابىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، جىددىي كۆرەشتە قوماندانلىق شتا-

بىنىڭ توپىلاڭچىلارغا ئاڭلاتمىدىغان رادىئو ماقالىسىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ رادىئو ئۈزلىنغا ئاپىرىپ بەردى. بۇ ماقالە توپىلاڭچىلارغا ئاڭلىتىلىپ، تەسلىم بولۇش بويرۇقى بېرىلگەندىن كېيىن، زاۋاللىقتا يۈز تۇتقانلىقىنى سەزگەن توپىلاڭچىلار ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ گرانات تاشلىدى ۋە ئوق ئاتتى. يولداش ئارمان جىددىي خەۋپ - خەتەرگە قارىماي گاھىدا ئۆمىلەپ، گاھىدا يۈگرەپ ۋىغىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوق ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 70 مېترلىق ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ قوماندانلىق قىلدى.

6 - ئاپرېل سەھەردە يۇقىرى رەھبەرلىك ئورۇندىن پىلانلىغان بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭغا قايتارما زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. تەپتىش كادىر - ساقچىلىرى، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە باشقا تارماقلاردىكى كادىر - ساقچىلار بىلەن بىرلىكتە توپىلاڭچىلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. توپىلاڭچىلار پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ پولات مۇشتۇمىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئۈركگەن قۇشقاچلاردەك ئالاقزادىلىك بىلەن تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. بۇ چاغدا تەپتىش كادىر - ساقچىلىرى قاچقۇنلارنى قوغلاپ تۇتۇش، جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىش يېڭى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالدى.

### 6 . ئۈزۈلدۈرمەي جەڭ قىلىپ، يوشۇرۇن ئاپەتنى تىزگىنلەش

بىر كېچە - كۈندۈز جاپالىق جەڭ قىلغان تەپتىش كادىر - ساقچىلىرى ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قاتتىق چارچىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توپىلاڭچىلار تۇتۇپ بولۇنمىغان، يەنە ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن خىزمەتلەر بار ئىدى. بۇنداق چاغدا كىمنىڭمۇ ئارام ئالغۇسى كەلسۇن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ج خ تارماقلىرىنىڭ جىنايەتچىلەرنى يالاپ مېڭىشىغا ماسلاشسا، بەزىلىرى جەڭ مەيدانىدا جەسەتلەرنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. يەنە بەزىلىرى توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇشتا، جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىشقا قاتناشتى. شۇ چاغدا ج خ تارماقلىرى ئاساسەن قاچقۇنلارنى تۇتۇش ۋە قاراۋۇللۇق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى، تەپتىش مەھكىمىسى قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان توپىلاڭچىلارنى دەسلەپكى سوراق قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى يولداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا جىنايەتچىلەرنى 295 ئادەم قېتىم دەسلەپكى سوراق قىلدي. سوراق جەريانىدا ئۇلار جىنايەتنى قېزىش

ئەھۋالىنى توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قوماندانلىق شتابىنى 300 پارچىدىن ئارتۇق مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ، رەھبىرىي ئورگانلارنى توپىلاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى، قاتىللىق قوراللىرىنىڭ كېلىش مەنبەئى قاتارلىق مۇھىم ئەھۋاللاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلدى. يىپ ئۇچىغا ئاساسەن كادىر - ساقچىلار قىسىم ۋە ج خ تارماقلىرىنىڭ قاچقۇنلارنى تۇتۇشىغا ۋە كۆپلىگەن قاتىللىق قوراللىرىنى ئولجا ئېلىشىغا ياردەملەشتى. 102 قاچقۇن تۇتۇلدى. ئۇلار ئۈچ دانە يان قورال، 200 دانىدىن ئارتۇق يەرلىك گىرانات، 50 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 90 دانە پىچاق - خەنجەر ۋە موتسىكلىت، دورا قاتارلىق زور بىر تۈركۈم جىنايەت پاكىتى ۋە زاڭ ماللارنى ئولجا ئېلىپ، دۈشمەنگە كۈچلۈك زەربە بەردى. تەھقىقلەش، دەسلەپكى سوراق قىلىش جەريانىدا، قوراللىق ساقچىلارنى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى ئېنىقلاپ تاپتى ۋە ئاساسىي قاتىللارنىڭ مەسىلىسىنى بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈردى. بىرىنچى نومۇرلۇق ئەكسىلئىنقىلابىي كاتتىباش زەيدىن يۈسۈپ قايتارما زەربە بېرىشتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئوغرىلىقچە ئۇنى دەپنە قىلغان. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن يولداش زىياۋۇدۇن قوماندانلىق شتابىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، جەسەتنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزى بولمىغان ساقچى كىيىمى بىلەن دەپنە قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ، كىيىمىنى دەرھال ئالماشتۇرغۇزۇپ، تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئوبرازىغا خاس يۈكسەك سەگەكلىكىنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايەن قىلغان.

ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 10 دىن ئارتۇق كادىرى 6 - ئاپرېلدىن 20 - ئاپرېلغىچە بارىن يېزىسىدا تۇرۇپ ئىشلىدى. بۇ ۋاقىتتا ھەر قايسى ئورگانلاردىن خادىملار كۆپ، شارائىت ناچار بولغاچقا تاماق، ياتاق شارائىتىمۇ ناچار ئىدى. بەزىدە ئۈستەل ئۈستىدىلا ئۇخلاشقا ۋە نان - چاي بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ۋەزىپىنى ئورۇندىدى.

ئىدارىدا قالغان يولداشلارمۇ قىلچە بوشاشماي ئىدارىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى ۋە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. ئىككى نەپەر كادىر قىسىمنىڭ قۇتقۇزۇش ئەترىتىگە يول باشلاپ بارىن يېزىسىغا باردى. ئىدارىدا قالغان ئايال يولداشلار ئاساسەن، دىجورنىلىك قىلدى. ئۇلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى نان يېقىپ، موما پىشۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ئاپىرىپ بېرىشكە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ ئالدىنقى سەپتىكىلەرنى خاتىرجەم قىلدى.

توپىلاڭ ئۇزۇل - كېسىل تىنجىتىلغاندىن كېيىن، باش جىنايەتچى ۋە ئاساسىي جىنايەتچىلەرنى تېزدىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تەپتىش ئورگىنى ج خ ئورگىنىنىڭ تەھقىقلەش خىزمىتىگە ئالدىن قاتناشتى. 59 ياشلىق پىشقەدەم تەپتىش كادىرى ياسىن ئىمىن تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي ئەنزە بېجىرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ھامىلدار ئاياللارمۇ يېزىلارغا بېرىپ، نەق مەيدان تەكشۈرۈپ دەلىل - ئىسپات ئالدى.

ناھىيىلىك سولاقخانىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغانلىقتىن ئىككى نەپەر تەپتىش كادىرىنى سولاقخانىنىڭ قاماقتىكى جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ياردەملەشتۈردى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز دىجورنىلىق قىلىپ كادىرلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ج خ ئورگىنىدىكى يولداشلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى ئەھۋالنى پىششىق بىلىدىغان قاۋۇل كادىردىن سەككىز نەپەرنى تاللاپ، ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەنزە بېجىرىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. ئۇلار شۇ يەردە بىر نەچچە ئاي تۇرۇپ، جىددىي ھەم جاپالىق ئىشلىدى. ھەتتا ھېيت - بايراملاردىمۇ دەم ئالمىدى. ناھىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئارام ئېلىشنى ۋە ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنى ئويلىماي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ ناھىيىلىك سولاقخانىغا قامالغان جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىش خىزمىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەنزە بېجىرىش خىزمىتىگە ياردەملىشىۋاتقان بىر كادىرنىڭ ئايالى ئاغرىپ قېلىپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئۇنىڭ كېسىلىنى ئېنىقلىيالمىغانلىقتىن قەشقەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈشكە توغرا كەلگەندە ئۇنىڭ ئۈچ بالىسىغا قارايدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن دوختۇرخانىغا بارالمىدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايالى ئاچچىقلاپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ كادىر ئايالىغا خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىنى، توپىلاڭچىلارنى قانۇن بويىچە جازالاپ بىر تەرەپ قىلىشنىڭ جىددىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئايالىدىن ئەپۇ سورىغان بولسىمۇ قايىل بولماي بۇ ئەھۋالنى باش تەپتىش ئارمانغا ئېيتقان. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلەپ قايىل قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن. رەھبەرلىك ھەم ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ھەم ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ كادىر - ساقچىلارنىڭ خىزمەت ئىشلىشىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئېشىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەنزە بېجىرىش خىزمىتىگە قاتناش-

قان سەككىز نەپەر كادىر قولغا ئېلىشقا يوللانغان 38 ئادەمنى تەكشۈرۈپ، 37 ئادەمنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى. ئەيىبلەشكە يوللانغان 42 ئادەمنى ئەيىبلىدى. (بۇنىڭ ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسەت بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر سەككىز نەپەر) سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش ئارقىلىق توپىلاڭچىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرىنى كۈچلۈك تۈردە پاش قىلىپ ۋە ئەيىبلەپ، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەربىيىلەپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئاقتۇ ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ھەر مىللەت كادىر - ساقچىلىرى بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشىدە ۋە توپىلاڭچىلارنى قانۇن بويىچە جازالاش خىزمىتىدە تەشكىل تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلدى. قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايەن قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. قانلىق جەڭدە دۈشمەنگە تىز پۈكمەي ئاداققىچە كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئالىيجاناپ خىسلىتىنى ئىپادىلىدى. مەرت مەيداندا سىنىلار، ئالتۇن ئوتتا دېگەندەك ئۇلار كۈرەش ئوتىدا تاۋلىنىپ، كوئىنلون ئېتىكىدىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى تەرىپىدىن شىنجاڭ تەپتىش سىستېمىسى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى ۋە مۇكاپاتلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، غەلىبە مارشىنى ياڭرىتىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت تەپتىش كادىر - ساقچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

# ئۇنىڭ شان - شەرىپى ئەلگە قوشقان تۆھپىسىدىن كەلگەن

## — كومپارتىيە ئەزاسى قۇربان مىھماننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىدىن    گوياخان ھۆسۈيىن

يولداش قۇربان مىھمان — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقتۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تۈرمە - سولاقخانا تەپتىش بۆلۈمىنىڭ ياردەمچى تەپتىشى، قوشۇمچە قانۇن ساقچىسى. 1982 - يىلى ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، 84 - يىلىدىن 89 - يىلغا قەدەر ئالتە قېتىم تەپتىش مەھكىمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، بىر قېتىم ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىككى قېتىم قىزىلسۇ ئوبلاست تەپتىش سىستېمىسى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان. 1990 - يىل 10 - ئايدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن «بارىن يېزىسىدا يۈزبەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنچىتىشتىكى ئىلغار شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەندە، يولداش قۇربان مىھمان ناھىيە بازىرىدا 80 نەچچە كىلو مېتىر كېلىدىغان قارا كېچىك يېزىسىغا «بەش خىل ئادەم»لەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بېرىپ، 5 - ئاپرېل چۈشتە ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىدارىگە كىرىپلا بارىن يېزىسىدىكى دىنىي تونغا ئورۇنۇۋالغان بىر ئۇچۇم بۇزۇق ئادەملەرنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئادەمنى قۇترىتىپ ۋەقە پەيدا قىلىشقا ئورۇنۇۋاتقانلىقىنى، ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن جىددىي ئىكەنلىكىنى، مەھكىمىدىكى بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، باش تەپتىشنىڭ يېتەكلىشىدە بارىن يېزىسىغا بېرىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. يولداش قۇربان مىھمان توپىلاڭ پەيدا قىلىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا ئورۇنۇۋاتقان بىر تۈركۈم مىللىي مۇناپىقلاردىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا ئۈلگىرەلمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ «مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، ھەربىي سەپتىن قايتقان. تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەدلىيە ساقچىسى تۇرسام، ھازىر دەل پارتىيە ۋە خەلق مېنىڭ كۈچ چىقىرىشىمغا

مۇھتاج. بىرىنچى سەپكە بېرىش مېنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم» دەپ ئويلاپ، ئۇ مەھكىمە ئىچىدە بارىن يېزىسىنىڭ خاۋىرىنى كۈتۈشكە ئالدىرايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بارىن يېزىسىنىڭ ۋەزىيىتى يامانلىشىپ، ئالدىنقى سەپتىكى توپىلاڭنى تىنجىتىشتا قوماندانلىق قىلىش شتابى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ بارىن يېزىسىغا ئۈچ نەپەر كادىر ئەۋەتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلغاندا، يولداش قۇربان مېھمان ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا دەرھال جەڭگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەھبەرلىك ئۇنىڭ بۇ چوغدەك كۈرەش قىزغىنلىقى ۋە خەلق ئۈچۈن خەۋپ خەتەرگە قارىماي كۆكرەك كېرىپ چىقىش روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. يولداش قۇربان مېھمان دەرھال باشقا ئىككى نەپەر يولداش بىلەن بىرگە ئەھۋال بارغانسېرى مۇرەككەپ، بارغانسېرى خەتەرلىك بولۇۋاتقان بارىن يېزىسىغا ئاتلىنىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە ئۇلار توپىلاڭنى تىنجىتىشتا قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ج خ كادىر - ساقچىلىرىغا ماسلىشىپ توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىنى تۇتۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىدۇ. يولداش قۇربان مېھمان ۋەزىپىنىڭ مۇھىملىقى ۋە خەتەرلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىككى نەپەر كادىر - ساقچىسى بىلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللىنىپ، ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ خەنزۇ شوپۇرى لى جىڭ جۇ ھەيدىگەن جىپ ماشىنىدا ئولتۇرۇپ بارىن يېزىسىغا توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئىسھاق ھوشۇرنى تۇتۇشقا بارىدۇ. ئۇلار ئىسھاق ھوشۇرنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇنىڭ ئۆيىگە ۋە ھويلىسىغا توپىلاڭچىلارنىڭ 40 - 50 تەك كاتتىبېشى ۋە تاياقچىلىرى توپلاشقان ئىكەن. بۇ توپىلاڭچىلار قۇربان مېھمان قاتارلىقلارنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا ئەلپازىنى بۇزۇپ ئۇلارنى قورشىۋالىدۇ، كەيپىيات جىددىيلىشىدۇ. دۈشمەن كۆپ، ئۇلار ئاز بولۇپ مەجبۇرىي تۇتۇش قىيىن بولغاچقا، قۇربان مېھمان غەلىبىنى پاراسەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى ئويلاپ، ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئىسھاق ھوشۇرغا: «يېزىلىق ھۆكۈمەت سەن بىلەن سۆزلەشمەكچى، سەندىن سورايدىغان گەپ بار ئىكەن، بىز بىلەن ماڭغىن» دەيدۇ. نەق مەيداندا بار توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن زەيدىن قاتارلىقلار ئىسھاق ھوشۇرنى قولغا ئالىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئۆزلىرىنى جايلايدىغانلىقىنى، بۇنداقتا توپىلاڭ سۈيىقەستىنىڭ ئىشقا ئېشىشى قىيىن بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ گېپىڭلار بولسا مۇشۇ يەردە دەڭلار، ئىسھاق ھوشۇرنى ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ دەپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىدۇ. يولداش قۇربان مېھمان كەسكىن ھالدا «بىز قانۇننى

ئەجرا قىلغۇچىلار، كىيىمىزنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارغاندا قىلىمىز» دەيدۇ. زەيدىن يۈسۈپ غالجىرلاشقان ھالدا: «سىلەرنىڭ قانۇنلىرىڭلارنى بىز ئېتىراپ قىلمايمىز. بىزنىڭ قانۇنىمىز قۇرئان؛ ئەگەر ئادەمنى قەتئىي ئېلىپ كېتىمىز دېسەڭلار، قورال بىلەن بېشىڭلارنى قالدۇرۇڭلار» دەپ تەھدىت سالىدۇ، يەنە: «بىز سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار بىلەن سۆزلىشىمىز» دەپ ئىسھاق ھوشۇرنى چىقىرىپ بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچى خورىكى ئىنتايىن ئۆسۈپ كەتكەن مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، قۇربان مېھمان قاتارلىق يولداشلار يەنىلا ئۇلارغا قانۇننى قايتا - قايتا تەشۋىق قىلىپ، قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا يۇۋاشلىق بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلىش، ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ. شۇ چاغدا نەق مەيداندىكى كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. بۇ ئۈچىسىنى توپىلاڭچىلار قورشىۋالىدۇ. ئەھۋال بارغانسېرى جىد- دىيلىشىدۇ. قۇربان مېھمان ئۆزىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قورال - ياراق ۋە ماشىنىنى بولاپ دۆلەت ۋە خەلققە زور زىيان سېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئۈچىسى مەسلىھەتلىشىپ، ۋاقتىنچە بۇ يەردىن چېكىنىپ، ئەھۋالنى توپىلاڭنى تىنچىتىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىغا دوكلات قىلماقچى بولۇپ، بۇ يەردىن مېڭىش ئالدىدا، توپىلاڭچىلارنىڭ بىر قانچە كاتىباشلىرى: «سىلەرنىڭ كېتى- شىڭلارغا رۇخسەت يوق. سىلەر بىزنىڭ ئىككى ئادىمىمىزنى تۇتىۋالدىڭلار، سىلەردىنمۇ ئىككى كىشى قالسۇن، بىرىڭلار بېرىپ باشلىقىڭلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار» دەپ چۇقان سالىدۇ. ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىككى نەپەر ساقچىسى بۇ ھالەتنى كۆرۈپ يولداش قۇربان مېھماننى دەرھال قايتىپ كېتىپ توپى- لاڭچىلارنىڭ كاتىباشلىرىنىڭ بۇ يەرگە توپلىشىۋالغىنىنى دوكلات قىلىپ، دەرھال تەدبىر قوللىنىشنى تەلەپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. يولداش قۇربان مېھمان مېڭىشقا بۇرۇلغاندا، توپىلاڭچىلار قورالنى تاپشۇرغىن دەپ توۋلىشىدۇ. يەنە بەزىلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ قورالنى بۇلىماقچى بولىدۇ. قۇربان مېھمان كەسكىن ھالدا ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ماشىنىغا چەبدەسلىك بىلەن ئولتۇرۇپ شوپۇرنى ماشىنىنى تېز ھەيدەشكە بۇيرۇپ توپىلاڭچىلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ.

ماشىنا يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، 400 دىن ئارتۇق ئادەم دەرۋازا ۋە يولنى توسىۋالغان بولۇپ، زوراۋانلار قوللىرىغا كالتەك ۋە تاشلارنى ئېلىپ، ماشىنىنى توختىتىدۇ. ئۇلار شوپۇرنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ ئۇرۇشقا باشلايدۇ. يولداش قۇربان مېھمان كۆڭلىدە: شوپۇر ئەگەر زوراۋانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ

كەتتى، چوقۇم ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ دەپ ئويلاپ ھاياتلا بولىدىكەنمەن خەنزۇ قېرىندىشىمنى چوقۇم قۇتقۇزۇپ قالىمەن دەپ كۆكرەك كېرىپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، بىر تەرەپتىن زوراۋانلارغا قولۇڭلارنى تارتىڭلار، شوپۇرنى ئۇرماڭلار، ماشىنىنى بۇزماڭلار دەپ توۋلىسا يەنە بىر تەرەپتىن، شوپۇرغا يېقىنلىشىپ، ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن مۇش ۋە كالتەكلەرنى توسايدۇ. بۇ چاغدا، بەزى زوراۋانلار قۇربان مېھماننى «خەنزۇلارنىڭ يالاقچىسى، ئاز سانلىق مىللەتنىڭ خائىنى، بىردەمدىن كېيىن سېنىڭ جېنىڭنى ئالىمىز» دەپ ھاقارەتلەيدۇ ۋە تەھدىت سالىدۇ ھەمدە ئۇنى ئۇرۇش ۋە تېپىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زوراۋانلار ئۇنىڭ يېنىدا قورال بارلىقىنى سېزىپ جېنىنىڭ بېرىچە قورالىنى بۇلاشقا ئۇرۇنىدۇ. يولداش قۇربان مېھمان «مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن قورالنى ھەرگىز زوراۋانلارنىڭ قولىغا چۈشۈرمەيمەن» دەپ ئىچىدە قەسەم قىلىدۇ. ئۇ قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ: قورالنى بۇلاش قانۇنغا خىلاپ، سىلەر مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ قورالنى سىلەرگە تاپشۇرمايمەن دەپ ۋاقىرايدۇ، ھەم قورالنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ زوراۋانلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئېلىشىش داۋامىدا، ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قېچىپ چىقىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ قوماندانلىق شتابىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە خەۋپ - خەتەرگە قارىماي يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ، تاياق ئازابىدىن پۈتۈن بەدىنى قانغا بويۇلۇپ بەرداشلىق بېرەلمىگەن خەنزۇ شوپۇرنى تېپىپ، ئۇنى يۆلەپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭغاندا، يەنە بىر قانچە زوراۋانلار ئادەم بۇلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. يولداش قۇربان مېھمان شوپۇرنى چىڭ قۇچاقلاپ، زوراۋانلاردىن ئاجرىتىپ بىر قەدەم - بىر قەدەملەپ مېڭىپ ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، بىر قانچە قېتىم ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان خەنزۇ يولداشنى ئاخىرى خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

يولداش قۇربان مېھمان يەنە زوراۋانلار بۇلىۋالغان ماشىنىنىڭ گىلىمى، چايدان قاتارلىق بۇيۇملارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ھەم ماشىنىنىمۇ ئامال قىلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋېلىپ دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. دەل مۇشۇنداق ھايات - ماماتلىق جىددىي ئېلىشىش جەريانىدا بىر كومپارتىيە ئەزالىق روھىنى نامايان قىلىپ ئامما ئارىسىدا ھەقىقىي بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن شوپۇر لى جىڭجۇ تەپتىش مەھكىمىسىگە كېلىپ، مەھكىمە رەھبەرلىرىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىدۇ ھەم: «تەپتىش كادىرى يول-

داش قۇربان مېھمان مېنى زوراۋانلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ چىقتى. ئەگەر
ئۇ بولمىسا، مەن ئاللا بۇرۇن تۈگەشكەن بولاتتىم» دەيدۇ. توپىلاڭنى تېنچىتىش داۋا-
مىدا يۈز بەرگەن مىللىي مېھرى شەپقەتكە تولغان. بۇ ھېكايە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا
ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارالماقتا.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كەچتە توپىلاڭنى تىنجىتىش قوماندانلىق شتابى
يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلغان توپىلاڭچىلارنىڭ تايانچىلىرىنى تۇتۇش توغ-
رىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. يولداش قۇربان مېھمان باتۇرانە مەيدانغا چىقىپ،
ئىلگىرى - ئاخىر ئالتە نەپەر توپىلاڭچىنى تۇتتى. شۇ كۈنى كەچتە، توپىلاڭچى-
لارنىڭ ھەممىسى قوراللىنىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ. بىر-
دەمدىلا ئوق يېغىپ، گىرانات پارچىلىرى ئۇچۇشقا باشلايدۇ. قۇربان مېھمان بىلەن
يەنە بىر كىشى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ كارىدورىغا قاماپ قويۇلغان 30
نەچچە توپىلاڭچىغا قاراشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ، زۆرۈر بول-
مىغان تالاپەت ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قوماندانلىق
شتابى بارلىق توك چىراقلارنى ئۆچۈرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇ چاغدا
سىرتتىكى زوراۋانلار غالجىرلىشىپ: سىلەرنى قورشىۋالدۇق، سىلەر بىزنىڭ ئەسىرىمىز
بولىسىلەر. قورال ياراقنى تېزدىن تاپشۇرۇڭلار دەپ توۋلىشىدۇ. قاراڭغۇدا قولغا
چۈشۈرۈلگەن زوراۋانلارمۇ باش كۆتۈرۈپ پۇرسەت تېپىپ قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. يولداش
قۇربان مېھمان ئوق قاچىلانغان قورالنى چىڭ تۇتۇپ «قىمىرلاشما، قايسىڭ
قىمىرلىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنى قىمىرلىغىلى قويمايدۇ.
مۇشۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپ كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقان بىر قانچە سائەتتە
بىرمۇ جىنايەتچىنى قاچۇرۇۋەتمەي ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلايدۇ.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ ئۇزۇل-كېسىل
تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قوماندانلىق شتابى جىنايەتچىلەرنى يالاپ ناھىيىلىك
ج خ ئىدارىسىنىڭ سولاقخانىسىغا يۆتكەشنى قارار قىلىدۇ. مەھكىمە رەھبەرلىكىدىن
يولداش قۇربان مېھماننى ج خ كادىر - ساقچىلىرىغا ھەمكارلىشىپ قامالغان جى-
نايەتچىلەرگە قاراشنى، ھەمدە تۈرمە تەپتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنى قارار
قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى
ئۆز ھاياتىمىي دەپ بىلىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيدۇ. ئاقتۇ ناھىيىلىك
ج خ ئىدارىسىنىڭ سولاقخانىسىغا ئەڭ كۆپ بولغاندا 80 نەچچە جىنايەتچىنى
قامىغىلى بولاتتى، بىراق شۇ چاغدا قامالغان جىنايەتچىنىڭ سانى 200 - 300 گە
يەتكەن بولۇپ، تەييارلىق سوراق قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشلىرىمۇ جىددىي
ئىشلىنىپ، جىنايەتچىلەرنى يالاپ ئەكىرىش، يالاپ ئەپچىقىش ئىشلىرىمۇ پات-

پات بولۇپ تۇرغاچقا، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەلۇم قىيىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. مەسىلە، يۈز بەرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يولداش قۇربان مېھمان كېچىدە ئۆۋەتلىشىپ دېجورنىدە تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ھەمكارلاشتى. ئۇ داۋاملىق سولاقخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، جىنايەتچىلەرگە قانۇننى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى جىنايىتىنى ئىقرار قىلىپ مەسىلىسىنى تاپشۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. كېچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كاۋاكلارنى ئېتىپ، ھەر كۈنى 10 نەچچە سائەت ئىشلەپ ئىككى ئاي خىزمەت داۋامىدا دائىم دېگىدەك ۋاختىدا تاماق يېيەلمەيدۇ، ئۆيىگىمۇ بارالمايدۇ، ھەتتا ئېرەر كېچە خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ. ئۇ باشتىن ئاخىرغىچە يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ ج خ كادىر - ساقچىلىرىنىڭ خىزمەتلەرنى ئىنچىكە، پۇختا قانات يايدۇرۇشىغا ھەمكارلاشقاچقا، سولاقخانىدا جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىق ھادىسىلەرى كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى، تەشكىلىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە خ ج ئورگىنىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. كومپارتىيە ئەزاسى يولداش قۇربان مېھماننىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭنى تىنجىتىش كۈرىشى داۋامىدا قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە پارتىيىنىڭ مەنپەئىتىنى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن يۇقىرى قويغانلىقىنى، ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن قورقمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇ كومپارتىيە ئەزالىق نامىغا مۇناسىپ، ئۇ ھەيۋەتلىك دۆلەت بەلگىسىگە شان - شەرەپ قوشتى.

1991 - يىل 1 - ئاي

## خىيانەتچىلىك ئەنزىلىرىدىكى تالون - ئىسپاتلارنى يىغىش توغرىسىدا يۈزەكى مۇلاھىزە

چېن شۈەنخۇا

خىيانەتچىلىك جىنايىتىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىسى — جامائەت مال - مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقتىن ئىبارەت، زىيانغا ئۇچرىغىنى نەق پۇل ياكى ماددىي نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى مۇقەررەر بوغالتىرلىق ماتېرىيالىدا مۇناسىپ ھالدا ئەكس ئېتىپ، ھېساپ، تالون، ماددىي نەرسىلەر ئۈچىسى بىردەك بولماي ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك سېنىپ - ئىستېمال قىلىنغان ھېساب تالونلىرى خىيانەتچىلىك ئەنزىلىرىنىڭ ئاساسلىق يازما ئىسپات مەنبەئى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ 32 - ماددىسىدا: «سوت قىلغۇچى خادىملار، تەپتىش خادىملىرى، تەھقىقلىگۈچى خادىملار قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە، جاۋابكارنىڭ گۇناھلىق ياكى گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى، جىنايى قىلمىشىنىڭ ئېغىر ياكى يېنىكلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى توپلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددىدىكى تەلەپلەرنىڭ بىرسى: ئەنزە بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ جاۋابكارنىڭ گۇناھلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ھەر خىل دەلىل - ئىسپاتلارنى توپلىشىدىن ئىبارەت. لېكىن، مەن خىيانەتچىلىك ئەنزىلىرىنى قايتا تەكشۈرۈش جەريانىدا، بەزى ئەنزىلەرنى بېجىرگەندە توپلىغان ئاساسلىق يازما - ئىسپاتلار يەنى تالون - ئىسپاتلارنىڭ تۈرى تولۇق ئەمەس. كۆپىنچىسى بىر خىللا دەسلەپكى تالونلار، مەسىلەن، تالون، پۇل پېرېۋوت تالونى قاتارلىقلار بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ھېساباتقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتى، ھېساب دەپتىرى بېتى خاتىرىسى قاتارلىقلارنى ئالمىغانلىقىنى، مۇقىملاشتۇرمىغانلىقىنى سەزدىم. بۇلار ئەنزىلەرنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىنىڭ تولۇق بولۇشىغا، ئىسپاتلاش كۈچىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزگەن.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تالون - ئىسپاتلارنى يىغىشتا يۈز بەرگەن مەسى-

قىلمىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ئومۇمەن مۇنداق بىر قانچە سەۋەب بار:

1. ئەنزە بېجىرگۈچى خادىملارنىڭ بوغالتىرلىق ھېساب ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش باسقۇچىنى ئىگىلىشى يېتەرسىز بولغان، بوغالتىرلىق ھېساب ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا ھەر خىل ئىقتىسادىي كەسپلەرنىڭ ھەممىسى دەسلەپكى دوكۇمېنتنى تەكشۈرۈش، ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتىنى پۈتۈش ۋە دەپتەرگە تىزىملاشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرتىپ بويىچە بىر - بىرىگە ئۇلىنىشۇپ كېلىش باسقۇچى پۈتكۈل بوغالتىرلىق ھېسابلاپ بىر تەرەپ قىلىش باسقۇچى ئورۇندىلىدۇ. ساختا ئىقتىسادىي كەسپلەرنىڭ بوغالتىرلىق بىر تەرەپ قىلىنىشىمۇ جەزمەن مۇشۇ 3 باسقۇچتىن ئۆتكۈزگەندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ سۇيىئىستېمال قىلمىشلىرى ئورۇندالغان بولىدۇ. شۇڭا، مەلۇم بىر خىيانەتچىلىك قىلمىشىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساب ئىشلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان جەريانىنى دەلىللەپ چىقىش ئۈچۈن دەسلەپكى دوكۇمېنتنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش باسقۇچىدىكى دەلىل - ئىسپاتلارنى يىغىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە باشقا ئىككى باسقۇچتىكى دەلىل - ئىسپاتلارنىمۇ مەسىلەن، ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتى، ھېساب دەپتىرى بېتى خاتىرىسى قاتارلىقلارنىمۇ يىغىش شەرت. مۇشۇ ئۈچ باسقۇچتىكى تالون - ئىسپاتلار بىلەن بوغالتىرلىق ھېساب ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدىكى خىيانەتچىلىك قىلمىشلارنى ئەتراپلىق، بىر پۈتۈنلۈك بىلەن ئىسپاتلاپ چىققىلى بولىدۇ، تالون - ئىسپاتلار تولۇق يىغىلمىغانلىق تۈپەيلىدىن ئىسپاتلاش ئوبيېكتىنىڭ تولۇق دەلىللەنمەي قېلىشىدىن خالى بولغىلى بولىدۇ.

2. ئەنزە بېجىرگۈچى خادىملار ھەر خىل تالون - ئىسپاتلارنىڭ يازما ئىسپاتتىكى ئوخشىمايدىغان ئىسپاتلاش رولىنى ئايدىڭلاشتۇرمىغان. ئوخشىمىغان بوغالتىرلىق ھېساباتنى بىر تەرەپ قىلىش باسقۇچىدا ئوخشاشمايدىغان تالون - ئىسپاتلار بار بولۇپ، ئوخشىمىغان مەزمۇنلارنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ھەممىسىنى يىغىش كېرەك. كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دەسلەپكى دوكۇمېنت — ئىقتىساد كەسپىدە شەكىللەنگەن ياكى تولدۇرۇلغان بىر خىل يازما ئىسپات (مەسىلەن مال تارقىتىش تالونى، مائاش تارقىتىش جەدۋىلى قاتارلىقلار) بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇندا ئىقتىساد كەسپىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنغان ۋە ئورۇندالغان مۇناسىۋەتلىك پۇل، ماددىي ئەشيا قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئەھۋالى بولىدۇ. ئەگەر قىلمىش سادىر قىلغۇچى جامائەت پۇلىنى كۆز بوياپ ئېلىۋالماقچى بولۇپ بوغالتىرلىق ھېساب ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ خىل ئەسلى دوكۇمېنتنىڭ مەزمۇنى خىيانەتچىلىك قىلمىشىنىڭ ھېساب ئىشلىرىدا يولغا قويۇلغانلىقىنى ھەمدە كونكرېت ساندىكى پۇلنى كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش

نىشانى قىلىپ تاللىۋېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايدۇ. ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتى بولسا، ھېساب دەپتىرىگە تىزىملاشتىكى ئاساس بولۇپ، ئۇ مالىيە خادىملىرىنىڭ ئەسلى دوكۇمېنتلارنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىقتىساد كەسپىنىڭ تۈرلەر بويىچە خاتىرىلەنگەن ھەم مۇقىملاشتۇرۇلغان ماددىي ئەشيا بىلەن مەبلەغنىڭ كىرىش مەنبەسى ۋە كەتكەن جايى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر قىلمىش سادىر قىلغۇچى ساختا ئىقتىساد كەسپىنى ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتى ئارقىلىق بوغالتىرلىق ھېساب ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ خىل دوكۇمېنت خىيانەتچىلىك قىلمىشىنىڭ ساختا ئېچىلغان بىر خىل ھېساب تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؛ ھېساب دەپتىرى — ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئىقتىسادىي كەسپنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق كەينى - كەينىدىن تىزىملاپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان دەپتەر بولۇپ، ئۇ ئەسلى دوكۇمېنت ۋە ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال خاتىرىسىدۇر. قىلمىش سادىر قىلغۇچى مەيلى دەسلەپكى دوكۇمېنتتىن ياكى ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتتىن پايدىلىنىپ خىيانەتچىلىك ئەنزىسىنى سادىر قىلغان بولسۇن جامائەت مال - مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىغان نەتىجىسى ئاخىرقى ھېسابتا بەرىبىر مۇناسىۋەتلىك ھېساباتىنىڭ مەزمۇنىدىن ئىسپاتلىنىپ چىقىدۇ.

3 . ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى سۇبيېكتىپ تونۇش جەھەتتە ئەنزە بېجىرگۈچى خادىملار دەلىل - ئىسپات نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن ھەر خىل تالون - ئىسپاتلارنىڭ دەلىل - ئىسپاتلار ئىچىدىكى ئورنى ۋە رولىغا توغرا قارىمىغانلىقتىن جىنايى ئىشلار دەلىل - ئىسپات نەزەرىيىسىنى مالىيە بىلىملىرى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ ئاڭلىق ھالدا تەھقىقلەپ دەلىل-ئىسپات ئىزدەشقا دەخلى يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن تالون - ئىسپاتلار يىغىشتا ناھايىتى زور قارغۇلۇق كېلىپ چىقىپ، ئوخشىمىغان مەزمۇندىكى تالون - ئىسپاتلارنى ماھىرلىق بىلەن يىغىپ ئوخشاش بولمىغان ئىسپاتلاش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. نۆۋەتتە تالون - ئىسپاتلارنى ئومۇميۈزلۈك يىغىشتا قېلىپلاشقان كونكرېت بىر تەلەپ يوق. بەزى تەھقىقلەش خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ يىققان، مۇقىملاشتۇرغان تالون - ئىسپاتلارنىڭ ئەتراپلىق بولغان - بولمىغانلىقىنى شۇنىڭدەك ئىسپاتلاش كۈچىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيدۇ. ئۇلاردىكى پەقەت ئەدلىيە بوغالتىرلىق بويىچە باھالاش يەكۈنىگە تايىنىپلا ئۆزلىرى يىققان تالون - ئىسپاتلارنىڭ باھالاش يەكۈنى بىلەن ئوخشاش چىقىش - چىقماسلىقىنى تەھلىل قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بۇ خىل ھادىسە ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئاز

كۆرۈلمىسە كېرەك.
يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مېنىڭچە خىيانەتچىلىك ئەنزىسىدىكى يازما دەلىل - ئىسپاتلارنى يىغقاندا، ھەر خىل تالون - ئىسپاتلارنى ئايرىپلا يىغىشتا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەمما ھەر بىر كونكرېت ئەنزىلەرنىڭ ئەنزە ئەھۋالى ئوخشاش بولمىغاچقا، خىيانەت ۋاستىسى ھەر قايسىنىڭ ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇڭا دەلىل - ئىسپات يىغىشنىڭمۇ نۇقتىسى بولۇشى كېرەك. كونكرېتنى تۆۋەن-دىكىچە بايان قىلماقچىمەن.

1 . ئوردېردىن پايدىلىنىش شەكلى بىلەن خىيانەتچىلىك قىلىش قىلمىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ۋاستىسى كۆپ خىل بولىدۇ، مەسىلەن، يالغان تالون ياساش، تالوننى ئۆزگەرتىش، تەكرار ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش ۋە باشقىلار. يازما دەلىل - ئىسپاتلارنى يىغقاندا دەسلەپكى دوكۇمېنتنى يىغقاندىن باشقا، يەنە بوغالتىرلىق ھېساب ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ھېسابقا چۈشۈرۈشتە ئىشلەتكەن ھۆججەتلىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ھېساب دەپتىرى خاتىرىسىنى يىغىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى، جامائەت مال - مۈلكىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى مۇناسىۋەتلىك ھېسابقا چۈشۈرۈش ھۆججىتى ۋە ھېساب دەپتىرى خاتىرىسىدە ئىپادىلەنگەچكە، ئەگەر قىلمىش سادىر قىلغۇچى خىيانەت قىلغان بولسا، مۇناسى-ۋەتلىك ھېسابقا چۈشۈرۈش ھۆججىتىنىڭ ۋە ھېساب دەپتەرنىڭ مەزمۇنىدىلا ئۇنىڭ قىلمىشى ھەم جامائەت مال - مۈلكىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ھەم دەخلى - تەرۇز قىلىش قىلمىشىنىڭ ئەنزە پەيدا قىلىشتىكى كونكرېت ۋاستىسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

2 . تاپشۇرۇۋېلىنغان پۇلنى كىرىم قىلماسلىق ياكى كۆپ تاپشۇرۇۋېلىپ ئاز كىرىم قىلىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان خىيانەت قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ ئەنزە پەيدا قىلىش ۋاستىسى ئاساسەن، پۇل تاپشۇرۇۋې-لىش ھۆججىتىنى ھېساب دەپتىرىگە كىرگۈزمەي يوشۇرۇپ قويۇپ، كىرىم قىلمى-غان پۇلنى بىۋاستە ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. بۇ خىل قىلمىشقا قارىتا يازما - ئىسپاتلارنى يىغقاندا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كىرىم قىلىنمىغان پۇلنىڭ يوشۇرۇلغان تالونلىرىنى قولغا چۈشۈرۈشتىن سىرت، يەنە قىلمىش سادىر قىلغۇچى باشقۇرۇ-ۋاتقان مەزگىلدىكى مۇئامىلە ھېساب تۈرلىرى خاتىرىسىنى شىزىنگىدەك پۇل تاپشۇرغان تەرەپتە ساقلىنىۋاتقان پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتىنىمۇ يىغىپ، قىلمىش سادىر قىلغۇچى پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىش مەزگىلىدە پۇل تاپشۇرۇۋېلىش

ھۆججىتىنى يوشۇرۇپ جامائەت پۇلىنى ئىگەللىۋالغانلىقىنى ئۆز ئورنىنىڭ مۇئامىلە ھېساب ئىشلىرىنىڭ راسچوت بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققىلى بولىدۇ.

3 . ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنى ئوغرىلاشتەك خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىغا قارىتا، بۇ خىلدىكى ئەنزە پەيدا قىلىش ۋاستىسىدا، ئادەتتە جامائەت مال - مۈلكىنى قولىدىن ئۆتكۈزىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان خادىملار مال - مۈلۈكنى بىۋاستە يۇتىۋالغاچقا، ئۇ ھېساب بىلەن ماددىي نەرسىلەر ئوخشاش بولماسلىق ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇڭا ئاساسلىقى قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزىۋاتقان باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ماددىي ئەشيالار بىلەن خەزىنىدىكى پۇل ھېسابى، ئىسكىلاتتىكى ماددىي ئەشيالار بىلەن خەزىنىدىكى پۇلنى ئېلىپېنتار قىلىش تىزىملىكى، خەزىنىدىن چىقىم قىلىنغان پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكى قاتارلىقلارنى يىغىپ تارماقلارنىڭ جامائەت مۈلكىنى يولسىز رەسمىيەت بىلەن زىيانغا ئۇچراتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ زىياننى قولىدىن ئۆتكۈزىدىغان باشقۇرغۇچىلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىش كېرەك.

4 . پۇل ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ ئامانەت پۇلىنى ئوغرىلىقچە چىقىم قىلىپ خىيانەت قىلىش ئەنزىلىرىنىڭ يازما دەلىل - ئىسپاتلىرىنى يىغقاندا، قىلمىش سادىر قىلغۇچى بېجىرگەن پۇل ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ ئامانەت قويۇش كارتوچكىسى، يالغان پۇل ئامانەت قويۇش تالونى، پۇل ئېلىش دوكۇمېنتى ۋە مۇناسىۋەتلىك پۇل ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ ئامانەت پۇل ھېسابات خاتىرە دەپتىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈپ، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ قايسى ئامانەت قويغۇچىنىڭ نامىدىكى پۇلىنى ۋە ئەنزە سادىر قىلغاندا يالغان ئامانەت قويۇش دوكۇمېنتىنى ياساپ پۇلنى كۆز بوياپ ئېلىۋالغاندا قوللانغان كونكرېت ۋاستىسىنى دەلىللەپ چىقىش كېرەك.

## فىنلاندىيە، نورۋېگىيىنىڭ تەپتىش خىزمىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئۆتكەن يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاخىرىغىچە، دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى فىنلاندىيە، نورۋېگىيە دۆلەتلىرى ئالىي تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ گېنېرال باش تەپتىشلىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇ ئىككى دۆلەتتە زىيارەتتە بولدى. زىيارەت داۋامىدا، دوست ئىككى دۆلەتنىڭ گېنېرال باش تەپتىشلىرى ۋە باشقا كەسىپداشلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. زىيارەت ئارقىلىق، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى تەرەپنىڭ تەپتىش خىزمىتى ئەھۋالى ئالماشتۇرۇلۇپ، ئۆز ئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇق ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ھازىر فىنلاندىيە، نورۋېگىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ تەپتىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

### فىنلاندىيە

فىنلاندىيىدە ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى، ئۆلكىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، يەرلىك (شەھەرلىك، رايونلۇق) تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك تەپتىش ئورگىنى تەسىس قىلىنغان. مەملىكەت بويىچە 11 ئۆلكىدە 25 نەپەر ئۆلكە دەرىجىلىك تەپتىش، 252 شەھەر، رايوندا 382 نەپەر تەپتىش بار. ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەت پارلامېنتى ۋە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىدە بىردەك تەپتىش قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار جەمئىي 400 نەپەردىن ئاشىدۇ. يەرلىك تەپتىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساقچى ئىدارىسى ئىچىدە بولۇپ، تەپتىشلىكنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، يۇقىرى دەرىجىلىك ساقچىلار قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ گېنېرال باش تەپتىشى ۋە مۇئاۋىن گېنېرال باش تەپتىشلىرىنىڭ نامزاتىنى پارلامېنت كۆرسەتكەندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ تەيىنلەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەلۇم ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بولمايدۇ. پارلامېنت تەپتىشلىرىنى پارلامېنت سايلايدۇ، ئۇلار تۆت يىلدا بىر قېتىم سايلىنىدۇ. ئۆلكە دەرىجىلىك تەپتىشلەرنى ئىچكى كابىنېت ۋەزىرىگە تەيىنلەيدۇ. 35 شەھەرنىڭ

تەپتىشلىرىنى گېنېرال باش تەپتىش تەيىنلىگەندىن سىرت، قالغان يەرلىك تەپتىشلەرنى يەرلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەيدۇ. ئۆلكىلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىلىرىدىكى تەپتىشلەرنى ئالىي سوت مەھكىمىسى تەيىنلەيدۇ. ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى ئۆلكە دەرىجىلىك ۋە يەرلىك تەپتىشلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. گېنېرال باش تەپتىش بىلەن پارلامېنتتىكى تەپتىشلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ، ئۇلار ۋەزىپىسىنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىجرا قىلىدۇ.

فىنلاندىيىنىڭ تەپتىش خىزمىتىنىڭ تارىخىي بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، 1980 - يىلىدىن باشلاپ گېنېرال باش تەپتىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھازىرقى ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن ئومۇمەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

فىنلاندىيە ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىدە بىر نەپەر گېنېرال باش تەپتىش، بىر نەپەر مۇئاۋىن گېنېرال باش تەپتىش قويۇلۇپ، تۆۋەندە يەنە بىر نەپەر ئىشخانا مۇدىرى، بىر نەپەر مەسلىھەتچى (ئاساسەن ئىچكى كابىنېتتا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەپتىش قىلىدۇ) قويۇلىدۇ. خوجىلىق ئىشلىرى مەھكىمىسىدە 13 ئادەم، تەپتىشلەر مەھكىمىسىدە يەتتە ئادەم، كاتىبات باشقارمىسىدا 14 ئادەم بولۇپ، جەمئىي 38 ئادەم بار.

فىنلاندىيە ئاساسىي قانۇنىنىڭ 64 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: گېنېرال باش تەپتىش ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان دائىرىلەرنىڭ ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى ئۈستىدىن نازارەت قىلغاندا، باشقىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. گېنېرال باش تەپتىش ئالىي سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي مەمۇرىي سوت مەھكىمىسىدە تەپتىش ئورگىنىغا ۋەكالىتەن دۆلەت قانۇنىنى قوغداپ، ئەيىبلەشكە چىقسا بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا باشقا سوتلاردا ئەيىبلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە بولىدۇ. گېنېرال باش تەپتىش ئالىي ئەيىبلىگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن باشقا ئەيىبلىگۈچىلەرنى نازارەت قىلىدۇ، باشقا ئەيىبلىگۈچىلەرنىڭ گېنېرال باش تەپتىشنىڭ يوليورۇق ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

گېنېرال باش تەپتىش ھەر يىلى زۇڭتۇڭ ۋە پارلامېنتقا خىزمەتلەردىن دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. دوكلاتنىڭ مەزمۇنى: ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىگە قىلىنغان بارلىق ئەرز ۋە ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالى، ئەيىبلەش ۋە سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى ھەمدە ئالاقىدار ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خوجىلىق مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىسى: پۇقرالارنىڭ ئەرزلىرىنى تەكشۈرۈپ

بىر تەرەپ قىلىش؛ ھۆكۈمەت ۋە ئادۋوكاتلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش؛ سوت قىلىش، جەرىمانە قويۇش ئىشلىرىنىڭ قانۇنلۇق ۋە مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ھەمدە باش تەپتىش ئۈچۈن دوكلات ھۆججەت ئارگىنالىرىنى تۈزۈپ بېرىش قاتارلىقلار.

تەپتىشلەر مەھكىمىسىنىڭ ۋەزىپىسى — تەپتىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا، تەپتىشلەرنى تەربىيىلەپ — يېتىشتۈرۈش ۋە كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ۋە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتتا قاراپ چىقىش ئىشىغا ئەيىبلىگۈچى سۈپىتىدە قاتنىشىدۇ ۋە باشقىلار.

پارلامېنت تەپتىشلەر ئىشخانىسىدا باش تەپتىش، مۇئاۋىن باش تەپتىش، ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن، ئىچكى كابىنېتنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. ئەگەر ئىچكى كابىنېت ۋە ئىچكى كابىنېتنىڭ خادىملار جامائەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلسا، پارلامېنت تەپتىشلىرى ئىچكى كابىنېتقا تەنقىدىي پىكىر بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ ۋە قانۇنىي ئاساسلارنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر تەنقىد قوبۇل قىلىنمىسا، پارلامېنتقا دوكلات قىلىدۇ. پارلامېنت ياكى گېنېرال باش تەپتىش ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنى ئەيىبلەشنى قارار قىلسا، پارلامېنت تەپتىشلىرى ئەيىبلىگۈچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، پارلامېنت تەپتىشلىرى يەنە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى، ھەربىي قىسىملارنىڭ مۇداپىئە ئاپپاراتى ۋە تۈرمىلەرگە بولغان قانۇن نازارەتچىلىكى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. گېنېرال باش تەپتىش بۇ جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى باشقۇرمايدۇ.

يەرلىكتىكى تەپتىشلەرنىڭ ۋەزىپىسى — ئاساسەن جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى ئەيىبلەش بولۇپ، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى تەھقىقلەشكە مەسئۇل بولمايدۇ ۋە ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىنى بىجىرمەيدۇ. فىنلاندىيە ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئاساسەن مۇنداق بەش جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. قانۇن نازارەتچىلىكى ئورگىنى ئاساسەن قانۇن نازارەتچىلىكىنى يۈرگۈزىدۇ. مەسىلەن، ئىچكى كابىنېت ياكى زۇڭتۇڭنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلغان - قىلمىغانلىقىنى نازارەت قىلىدۇ. فىنلاندىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا گېنېرال باش تەپتىشنىڭ ئىچكى كابىنېت ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى، ئىچكى كابىنېت ۋە زۇڭتۇڭ مەجلىسخانىسىدا گېنېرال باش

تەپتىش ئۈچۈن مۇقىم ئورۇن تەسىس قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن (زىيارەت داۋامىدا بۇ ئىككى مەجلىسخانا ۋە گېنېرال باش تەپتىشنىڭ مۇقىم ئورنىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق). گېنېرال باش تەپتىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يىغىنلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق، ئىچكى كابىنېت ئەزالىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا قانۇن بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى ئىگىلەپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرمىگەنلىرىگە قارىتا شۇ سورۇندا پىكىر بېرەلەيدۇ. ناۋادا پىكرى قوبۇل قىلىنمىسا، ئىچكى كابىنېتنىڭ يىغىن خاتىرىسىگە ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئىزاھلاشقا بولىدۇ ۋە زۇڭتۇڭغا دوكلات قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەگەر قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللار بولۇپ، زۇڭتۇڭ ئەيىبلەشكە قوشۇلسا، گېنېرال باش تەپتىش ئەيىبلىگۈچى بولۇپ ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلەيدۇ. يەنە مەسىلەن، زۇڭتۇڭ دۆلەت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا قانۇن بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش كۆرمىسە، گېنېرال باش تەپتىش پىكىر بېرەلەيدۇ. گېنېرال باش تەپتىش ياكى ئىچكى كابىنېت زۇڭتۇڭنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بار دەپ قارىسا، پارلامېنتقا دوكلات قىلىدۇ. پارلامېنت تۆتتىن ئۈچ قىسمىغا ئىگە كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن زۇڭتۇڭنى ئەيىبلەشنى قارار قىلسا، گېنېرال باش تەپتىش ئالىي سوت مەھكىمىسىدە ئەيىبلىگۈچى بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە زۇڭتۇڭ دۆلەت ئىشىدىن قول ئۈزىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىشتا زۇڭتۇڭنى ئەيىبلىيەلمەيدۇ.

2 . گېنېرال باش تەپتىش يەنە زۇڭتۇڭ ۋە ئىچكى كابىنېتنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇپ، زۇڭتۇڭ ۋە ئىچكى كابىنېتقا قانۇن جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىدۇ.

3 . پۇقرالارنىڭ نارازىلىق ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. پۇقرالار سوت مەھكىمىسىنىڭ جىنايى ئىشلار ھۆكۈمى، مەمۇرىي تارماقلارنىڭ مەمۇرىي چارىسىگە قايىل بولمىسا ياكى بەزى مەمۇرىي تارماق، جامائەت ئىشلىرى ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا پىكرى بولسا، بىردەك ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى ياكى پارلامېنت تەپتىشلىرىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ. ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى ۋە پارلامېنت تەپتىشلىرىنىڭ ئۇنى تەكشۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

4 . ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ ئەيىبلەيدۇ. ساقچى ئورگانلىرى تەھقىقلىگەن جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەمما، تەپتىشلەر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى تەھقىقلەشكە قاتناشمايدۇ. جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى تەھقىقلەشكە ساقچى ئورگانلىرى مەسئۇل بولىدۇ، ئەمما ئۇلار تەھقىقلەپ

ئاياغلاشتۇرغان ئەنزىلەرنى جەزمەن تەپتىش ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك. تەپتىشلەر مەلۇم قىلىنغان ئەنزىلەرنىڭ جىنايەت شەكىللەنگەن - شەكىللەنمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئەيىبلەش - ئەيىبلىمەسلىكنى قارار قىلىدۇ. ئەگەر جىنايى قىلمىشى يېنىك دەپ قارىسا ياكى ئەڭ ئاخىرى جەرىمانە قويۇش چارىسى كۆرۈشكىلا بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلسا ئەيىبلىمەيدۇ.

5 . سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ. ئەگەر سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىدە خاتالىق بار دەپ قارىسا، سوت مەھكىمىسىگە پىكىر قىلىشقا، ناۋادا پىكرى قوبۇل قىلىنمىسا بىر دەرىجە يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشقا بولىدۇ.

فىنلاندىيىنىڭ تەپتىش تۈزۈمى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ تەپتىش تۈزۈمىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار. مەسىلەن، قانۇن نازارەتچىلىكى ئورگىنى ۋە ئەيىبلىگۈچى ئورگاننىڭ خاراكتېرى، قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە ئەيىبلەش - ئەيىبلىمەسلىكنى قارار قىلىش ھەمدە ئەيىبلىگۈچى سۈپىتىدە سوتقا چىقىپ ئەيىبلەشنى قوللاش قاتارلىق خىزمەت ھوقۇقى جەھەتلەردە دۆلىتىمىزنىڭ تەپتىش تۈزۈمى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما يەنە نۇرغۇن ئوخشاشمايدىغان جايلىرى بار. مەسىلەن، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى، مەجبۇرىيەت ۋە ۋەزىپە، قانۇن نازارەتچىلىكى دائىرىسى قاتارلىقلار. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى:

1 . تەپتىش تۈزۈلمىسى جەھەتتە، فىنلاندىيە كىچىك دۆلەت بولغاچقا، ئۈچ دەرىجىلىك تۈزۈلمە بولۇپ، نۇرغۇن يەرلىك تەپتىشلەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە قويۇلۇپ، ئەيىبكارلارنى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ قارار قىلىشنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن تەپتىشلەر ئۈستىگە ئالىدۇ (بۇنىڭ سۆھبەتلىشىش جەريانىدا چەكلىشىشكە پايدىلىق بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئۇلارمۇ بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارىدى). شۇڭا، داشۆنىڭ قانۇن كەسپى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش تارىخىغا ئىگە بولغانلارنىڭلا تەپتىشلىكنى قوشۇمچە ئۆتەشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلاردا پارلامېنت تەپتىشى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئە ئورگانلىرى، ھەربىي قوشۇن، تۈرمە ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە بولغان نازارەتچىلىككە مەسئۇل بولىدۇ. ئەمما ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بولماي، بىۋاستە

پارلامېنت ئالدىدا مەسئۇل بولىدۇ ۋە ھەر يىلى خىزمەتلەردىن پارلامېنتقا بىۋاستە دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. ئاڭلىشىمىزچە بۇ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى ئىكەن.

2 . باش تەپتىشنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە، باش تەپتىشنى پارلامېنتتا سايلاشتىن باشقا، ئاساسىي جەھەتتىن ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. گېنېرال باش تەپتىشنىڭ نامزاتىنى ئەدلىيە مىنىستىرى ۋە پارلامېنت كۆرسىتىدۇ، زۇڭتۇڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؛ يەرلىك تەپتىشلەر، سوت مەھكىمىسىدىكى تەپتىشلەرنى ھەر قايسىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنى تەيىنلەيدۇ. تەپتىشلەرگە قارىتا باقىۋەندىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پارلامېنت تەپتىشى تۆت يىلدا بىر قېتىم سايلانغاندىن باشقا، قالغان تەپتىشلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بولمايدۇ.

3 . قانۇن نازارەتچىلىكىنى يۈرگۈزۈش دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ھوقۇقى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. فىنلاندىيە گېنېرال باش تەپتىشى ۋە پارلامېنت تەپتىشىنىڭ پارلامېنت ۋە زۇڭتۇڭ، ئىچكى كابىنېتنى قانۇن جەھەتتە نازارەت قىلىشتا بىردەك ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدا پارلامېنت، ئىچكى كابىنېت، زۇڭتۇڭنىڭ خىزمەت يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى نازارەت قىلالا، تۆۋەندە پۇقرالارنىڭ ئەرزلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

4 . فىنلاندىيە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئاپپاراتى ئاز ھەم خىل، تەپتىشلەرنىڭ شەرتى توغرىسىدىكى تەلەپمۇ يۇقىرى بولۇپ، داشۆنىڭ قانۇن پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن ھەمدە مەلۇم يىل ئەدلىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن تەپتىشلىكنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. خىزمەتتە ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، خىزمەتنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، گېنېرال باش تەپتىشتىن تارتىپ ھەر بىر تەپتىش ۋە كاتىبات تارمىقىغىچە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى سەپلەپ بېرىلگەن، ئۇ ئارخىپ ماتېرىياللىرى، ئالاقىدار قانۇن ھۆججەتلىرى ۋە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆكۈم مىساللىرىنى ئىزلەشكە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭە مەركىزىگە تۇتاشتۇرۇلغان. شۇڭا فىنلاندىيە ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىدە 38لا ئادەم بولۇپ، مەملىكەت بويىچە تەپتىش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان بىرلا كاتىپ بار. تۈرلۈك قانۇن ماتېرىياللىرى مۇكەممەل بولۇپ، پارلامېنتتىن تارتىپ تەپتىش، سوت مەھكىمىلىرىگىچە 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن بۇيانقى ھەر يىللىق قانۇن توپلاملىرىنىڭ ئەسلى مۇقاۋىلىق نۇسخىلىرى ساقلانغان.

5 . فىنلاندىيە جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن

بولۇپ، مەخسۇس «جىنايەتچىلەرنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى جەمئىيىتى»نى قۇرۇش ئارقىلىق، قويۇپ بېرىلگەن خادىملارغا بولغان تەربىيە، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئولتۇراق ئۆي قاتارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ھەمكارلىشىدۇ. مەزكۇر جەمئىيەت ئەدلىيە مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق خەلق تەشكىلاتى. ئۇنىڭ مەملىكەت بويىچە 15 شۆبىسى، 250 نەپەر خىزمەتچى خادىمى بولۇپ، يىللىق خامچوتى 40 مىليون ماركقا يېتىدۇ، ئۇنىڭ 95 پىرسەنتىنى دۆلەت چىقىم قىلىدۇ. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىدا كېڭەش مەجلىسى، جەمئىيەت رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىس تەسىس قىلىنغان، ئۇلارنى ئىچكى كابىنېت تەيىنلەيدۇ، جەمئىيەت رەئىسلىكىنى ئىچكى كابىنېت ئىجتىمائىي كاپالەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. بەلگىلىمە بويىچە تۇنجى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتىنىڭ ئىككىدىن بىر قىسمى؛ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرنىڭ جازا مۇددىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى توشقان بولسا، جەمئىيەت باشقۇرۇش، تەربىيىلەشكە ھەمكارلىشىپ، قېپقالغان جازا مۇددىتىنى سىناپ كۆرۈش مۇددىتى قىلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشنىڭ ئۈچ خىل ياخشىلىقى بارىكەن: بىرىنچىدىن جىنايەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىشكە؛ ئىككىنچىدىن، تارقاق باشقۇرۇپ، جىنايەتچىلەرنىڭ گۇرۇھ بولۇۋالماسلىقىغا ۋە تۈرمە زوراۋانلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا؛ ئۈچىنچىدىن، ھەر بىر رايوننىڭ ئۆزىنىڭ جەمئىيىتى بولسا، جىنايەت-چىلەرنى ئىدارە قىلىش، باشقۇرۇشقا پايدىلىق. فىنلاندىيە ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى جايلاردىكى تەپتىش ئورگانلىرىدىن بۇ خىزمەتكە پائال قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدىكەن.

### نورۋېگىيە

نورۋېگىيە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ بىرىنچىدىن، تەھقىقلەش، ئىككىنچىدىن، ئەيىبلەشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك فۇنكسىيىسى بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا قانۇن نازارەتچىلىكى ئورگىنى ئەمەس.

نورۋېگىيىنىڭ باش تەپتىشىنى پادىشاھ رىياسەتچىلىكىدىكى ئىچكى كابىنېت تەيىنلەيدۇ. ئۇ پادىشاھ تەشكىللىگەن ئىچكى كابىنېت ئالدىدا مەسئۇل بولۇپ، تەپتىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ. ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىدە بىر نەپەر باش تەپتىش، بىر تەپەر ياردەمچى باش تەپتىش، ئۈچ نەپەر تەپتىش، تۆت نەپەر ئىشخانا خىزمەتچىسى بولۇپ، جەمئىي توققۇز ئادەم قويۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: بىرىنچى، پۈتۈن مەملىكەتنىكى

ئەپتىش ئورگانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش. يەرلىكنىڭ تەپتىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئالاقىدار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلەش؛ ئىككىنچى، چوڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىدىكى قولغا ئېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئەيىبلەش خىزمىتىنى ئىشلەش. ئۇلار بىر يىلدا تەخمىنەن 200دىن ئارتۇق ئەنزە بىجىرىدۇ. بۇ يىل 1 - ئايدا، نورۋېگىيىدە ئىقتىسادىي جىنايەت ۋە مۇھىتنى بۇلغاش جىنايىتىنى تەھقىقلەش مەركىزى قۇرۇلغان، ئۇنىڭدا 28 ئادەم بولۇپ، باش تەپتىشنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ.

يەرلىك تەپتىشلەر مەمۇرىي رايون بويىچە ۋىلايەتلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام (شەھەرلىك ۋە ناھىيىلىك) تەپتىش مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىدۇ. مەملىكەت بويىچە توققۇز رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسى (19 ۋىلايەت قارايدۇ) بولۇپ جەمئىي 30 نەپەر تەپتىش بار. ئاساسىي قاتلام تەپتىش مەھكىمىلىرى بىردەك ساقچى ئىدارىسى ئىچىدە تەسىس قىلىنىدۇ. مەملىكەت بويىچە 54 ساقچى ئىدارىسى بولۇپ، ھەر بىرىدە ئىككىدىن 10غىچە تەپتىش بار. نورۋېگىيىنىڭ پايتەختى ئوسلو شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە 2000دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تەپتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 35 ئادەم بار. مەملىكەت بويىچە 7000دىن ئارتۇق ساقچى ئىچىدە، 300 دىن ئارتۇق ئادەم تەپتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بەلگىلىمە بويىچە داشۆنىڭ قانۇن كەسپىنى پۈتتۈرۈپ ئادۇۋكات، ساقچى بولغانلارلا ئاندىن تەپتىشلىكنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى باش تەپتىش مۇئىن ئىلگىرى سوت مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن، ساقچى ۋە تۆت يىل يەرلىك تەپتىش بولغان.

يەرلىك تەپتىشلەر ئاساسەن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، بىرىنچى، ساقچىلارنىڭ تەھقىقلەش خىزمىتىنى ئىجرا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ. شۇڭا، جايلاردىكى ساقچى ئىدارىسى باشلىقلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ساقچى ئەمەلدارلىرى بىر ۋاقىتتا تەپتىشلىك ۋە تەپتىش ياردەمچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ، تەپتىش ئاپپاراتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ، قولغا ئېلىش، توختىتىپ قويۇش، ئاختۇرۇشنى تەپتىشلەر قارار قىلىدۇ. ئىككىنچى، ئەيىبلەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ.

نورۋېگىيىنىڭ پايتەختى ئوسلو شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە ئۈچ مىنىستىرلىكنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى تەپتىش. پايتەخت ساقچى ئىدارىسىدە قوماندانلىق مەركىزى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتە دانە ئېلېكترون مېڭىلىق قوماندانلىق پەشتىقى ھەر قايسى رايون

تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. ساقچى ئىدارىسىنىڭ زوراۋانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىدە بىر قانچە يۈز ئادەم بولۇپ، كاپالەتلەندۈرۈش سىستېمىسى ۋە خەۋەرلىشىش سىستېمىسى بىر قەدەر ئىلغار.

ساقچى ئىدارىسىدە يەنە بىر مۇزېيخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا 18 - ئەسىردىن ھازىرغىچە بولغان ساقچى كىيىمى، قورال - ياراق، ئەسلىھەلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ئەمەلىي نەرسىلەر بىلەن نامايەن قىلىپ قويۇلغان. نورۋېگىيىدە 1902 - يىلى ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىشتىن ئىلگىرى، 1876 - يىلى ئۆلۈم جازاسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىجرا قىلىشتا ئىشلىتىلگەن پالتىمۇ مۇشۇ مۇزېيدا ساقلانغان. بۇلارنىڭ بىز ئۈچۈن ئەينەكلىك رولى بار.

نورۋېگىيىدە قانۇنچىلىق تۈزۈلۈشىگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى بىر قەدەر يۇقىرى، دۆلەت رەھبەرلىرىمۇ قانۇنغا رىئايە قىلىشى كېرەك. مەسىلەن، يېقىندا، نورۋېگىيىنىڭ بىر تۈرمىسى جىنايەتچىلەرنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى جەمئىيەتكە چىقىرىپ مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويىۋاتاتتى، بىر جىنايەتچى بىر ئايال ساقچىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەنزىسى يۈز بەرگەن. بۇ ئەنزىدە جىنايەتچىنى جازالىغاندىن باشقا، يەنە ئەدلىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرگەن. ئۇنىڭدا ئەدلىيە ۋەزىرىمۇ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىگە چاقىرتىلغان. ئۆتكەن يىلى نورۋېگىيە پارلامېنتىنىڭ باشلىقى چەت ئەلگە چىقىپ بىر دانە ئالتۇن ھالقا ئالغاچ كېلىپ، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرمىغان. بۇ ئىش گېزىتتە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، بۇ پارلامېنت باشلىقى ئالمان - تالمان بېرىپ باج تاپشۇرغان. نورۋېگىيىنىڭ بىر مەمۇرىي خىراجەت ئىچكى كابىنېت ۋەزىرى ئىلگىرى باشقا ۋەزىپىدە بولۇپ، جامائەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلەتكەن. بۇ مەسىلە پاش بولغاندىن كېيىن ۋەزىپىسىدىن ئالدۇرۇلغان. قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، جامائەتچىلىكنىڭ نازارىتى بىر قەدەر كۈچلۈك، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، سىياسىي ھاياتىغا ۋە ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى بىر قەدەر پاك بولۇپ، خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئانچە كۆپ يۈز بەرمەيدۇ.

# 新疆检察

（维文）

1991年第2期（总第8期）　　1991年4月出版（双月刊）
自治区人民检察院编译室编　　自治区人民检察院印刷厂印

★★★法学论坛★★★

1、论社会主义初级阶段的犯罪原因　　选自《法学评论》90年第4期

★★★工作研究★★★

2、论公安机关立案程序的监督　　选自《人民检察》90年第2期
3、论取保候审的保证责任　　选自《人民检察》90年第3期

★★★检察业务实践★★★

4、检察机关必须准确应用法律规定的强制措施　　选自《人民检察》90年第7期
5、免予起诉是我国刑事诉讼制度的重要组成部分　　选自《人民检察》90年第8期
6、要注意正确区分办理贪污案中的“诈骗”与炸骗案中的“炸骗”　　区院艾里卡的尔

★★★学先进赶先进★★★

7、光荣榜
8、昆仑山下的英雄集体　　区院乌买尔整理
9、荣誉来之他的贡献　　区院高亚汉整理

★★★大家谈★★★

10、浅议贪污案件账单凭证的收集　　选自《人民检察》90年第2期

★★★国外法制★★★

11、芬兰挪威的检察工作　　选自《人民检察》90年第1期

主编：亚科甫·沙力
负任编辑：吴启信
编辑：高亚汉、哈斯木、乌买尔、艾肯木
编译校对：亚科甫、哈斯木、

قوش ئايلىق ژۇرنال

ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ

# شىنجاڭ تەپتىشى

1991 - يىل 2 - سان

ئومۇمىي 8 - سان

《新疆检察》维吾尔文（双月刊）

一九九一年　第2期　总第八期

出　　版：新疆维吾尔自治区人民检察院

编辑发行：新疆维吾尔自治区人民检察院编译室

乌市建国路63号，电话225640、228914

正文印刷：自治区检察院印刷厂

ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى نەشر قىلدى

ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەرجىمە - تەھرىر ئىشخانىسى تۈزۈپ تارقاتتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى دۆلەت قۇرۇش يولى 63 - قورو

تېلېفون نومۇرى: 225640، 228914

ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

新疆维吾尔自治区期刊登记证1163

ش ئۇ ئا ر قەرەللىك ژۇرنال نومۇرى: 1163